7

# ئىبرەتلىك پارچىلار



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : زۇلپىقار يۈسۈپ



# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر

ISBN 978-7-5371-5843-5

باھاسى: 6.00 يۈەن

# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر

(7)

تۈزگۈچى: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：木塔里甫·买买提伊明
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：祖力皮哈尔·玉素甫

维吾尔民间智力故事选（7）（维吾尔文）
阿布都热西提　编
（吐鲁番地区少数民族古籍收集，
整理，出版领导办公室组织编写）

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
787×1092毫米　32 开　3.75 印张
2008年5月第1版　2008年5月第1次印刷
印数：1—3000

---

ISBN978—7—5371—5843—5　定价：6.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇتەللىپ مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: زۇلپىقار يۈسۈپ


# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر (7)

تۈزگۈچى: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
(تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى
ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش
رەھبەرلىك ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرۇپ تۈزدۈرگەن)

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفاڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.75
2008 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5843—5
سانى: 1—3000
باھاسى: 6.00 يۈەن


بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


كۆزگە ئىلمىغان چوماق قاڭشارنى يارار ………… 1
بەش بارماقنىڭ قايسىسىنىلا چىشلىسە ئاغرىيدۇ ··· 5
ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە ………… 13
ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا………… 17
يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى ……………… 22
يېنىدا بىر تىيىن يوق، تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ ……………………………… 28
ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ ………… 33
ئاتنى نەگە باغلايمەن، ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا ……………………………… 37
تەن ساقلىق — تۈگىمەس بايلىق ……………… 40
ھەركىمنىڭ نىيىتى ئۆزىگە ھەمراھ ………… 43
ئاشنىڭ قەدرىنى — يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر ……………………………… 47
قېرىنىڭ قېقى تۈگىمەس ………………… 53
ئۇرۇشقاق خوتۇننىڭ ئېرى تېز قېرىيدۇ، …… 57
تىلىگەن تىلەككە يەتمەپتۇ ………………… 62
يەرنىڭ ئەسكىسى يوق، قىغى يوق ………… 66
بېشىڭ نەدىن كېتەر تىلىڭدىن ……………… 69
بۇقا موزايلاپتۇ ……………………………… 71
تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال ……………… 75

نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق ...................... 79
ئۆزىنى مەنمەن دېگەن باي ........................ 84
ۋاپاغا جاپا بارمۇ، ئىززىدىسەڭ تېپىلار ........... 89
هەر كاللىدا بىر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ
خىيال ............................................ 95

42 . ھاۋادا لەيلەپ تۇرىدىغان قاتتىق قەغەز ...... 50
43 . بوتۇلكا ئىغىزىدىكى رېزىنكە قاپارتىسى ...... 51
44 . ئىستاكانلارنى ئۇلاش ...... 52
45 . سۇدىكى مېتال پۇل ...... 53
46 . مېتال پۇلنىڭ «ئۇسسۇل» ئوينىشى ...... 54
47 . تېمپېراتۇرا ۋە بېسىم كۈچى ...... 56
48 . ئوت توسقۇچ مېتال قاپ ...... 57
49 . قالدۇق تېمپېراتۇرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئۆلچەش ...... 58
50 . سۇ ئاستىدىكى ئوت ...... 59
51 . بىر مېڭىپ، بىر توختايدىغان سەرەڭگە ...... 60
52 . شامالنىڭ يۆنىلىشىنى ئۇستىلىق بىلەن پەرق ئېتىش ...... 61
53 . تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى ...... 62
54 . كىچىك مۇزتاغ ...... 63
55 . سۇنىڭ شارسىمان يۈزى ...... 65
56 . سۇ ئاقمايدىغان تۆشۈك ...... 66
57 . يىپ ھالقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن چەمبەرگە ئايلىنىشى ...... 67
58 . سوپۇننىڭ «قېيىق» نى ماڭدۇرۇشى ...... 68
59 . ياتما نېلۇپەرنىڭ ئېچىلىشى ...... 69
60 . نېمە ئۈچۈن نىشانغا تەگكۈزگىلى بولمايدۇ ...... 70
61 . تۇخۇمنى سۇ ئىچىدە توختىتىش ...... 71
62 . سىرىك ئارتىسى ...... 73
63 . سىرلىق مۇرابىا قۇتىسى ...... 74
64 . قەغەز كۆۋرۈك ...... 75

65 . ئىزىلمەيدىغان سەرەڭگە قېپى ............. 76
66 . پۇختا تۇخۇم شاكىلى .................... 77
67 . پىچاق بىلەن كەسكىلى بولمايدىغان قەغەز ... 78
68 . پىرقىرايدىغان تىكتاك توپ ............. 79
69 . ئىنېرتسىيىنى كىچىكلىتىش تەجرىبىسى ... 81
70 . سۇ ساز .............................. 82
71 . ئاۋازنىڭ تارقىلىشى ..................... 83
72 . ئاۋاز تارقىتىدىغان ئىستاكان ............ 84
73 . نۇر چاق ............................ 85
74 . ئەڭ ئاددىي قۇياش ئۇچىقى ............... 87
75 . پەي ئارقىلىق كۆرۈنگەن ئاجايىپ كۆرۈ-
نۇش ....................................... 89
76 . زادى ئۇلگۇرەلمەسلىك .................. 90
77 . بىر كاللىنى ئىككى ئىشقا تەڭ ئىشلەتكىلى
بولامدۇ؟ ................................... 91
78 . ئارقا كۆرۈنۈش پەيدا قىلغان خاتا تۇيغۇ ... 92
79 . كارتون فىلىم ........................ 94
80 . كىچىك كىنو قويۇش ئاپپاراتى .......... 95

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارقىتىشى

# كۆزگە ئىلمىغان چوماق قاڭشارنى يارار

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق بىر ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بىر پالۋان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىر دەپ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئاتىسى قەدىرنى كىچىكىدىن باشلاپلا چېنىقتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بارلىق ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. قەدىر ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر قولىدا يوغان - يوغان قورام تاشلارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان كامالەتكە يېتىپتۇ. قەدىر پالۋانلىقتا كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ جاھاننى ئايلىنىپتۇ، يامانلار ئۇچرىسا ئەدىپىنى بېرىپتۇ، ئاجىزلار ئۇچرىسا يار - يۆلەك بوپتۇ.

قەدىر ئۆزىنىڭ پالۋانلىقىغا شۇنداق ئىشىنىدۇكەنكى، سەپەرگە چىققاندا ھېچقانداق قورال - ياراغ ياكى تۆمۈرنىڭ سۇنۇقچىلىك نەرسە ئالمايدىكەن. ئاتىسى قەدىرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا سەمىمىي نەسىھەت قىپتۇ:

— ئوغلۇم، سەن ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ئۆزگىنى شىر چاغلا، ئوغۇل بالا دېگەنگە ياراغ ھەمراھ، ئۆزگە ئارتۇقچە ئىشىنىش، تەمەننا قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس.

قەدىر ئۆزىنىڭ كاراملىقىغا «ئاتىسىنى ئانچە ئىشەنمەيۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ:

— ئاتا، قورال - ياراغ يولدا يۈك بولۇپ قالىدىكەن،

— دەپتۇ. ئاتىسى :

— ئوغلۇم، بۇرۇنقىلار «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق» دەپتىكەن، سەن بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يەتسەڭ قولۇڭغا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقچىلىك بولسىمۇ ياراغ ئېلىۋال! بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ، — دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ.

قەدىر ئاتىسىنىڭ نەسىھەت، تەنبىھلىرىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇ كۆڭلىدە يەنىلا قايىل بولماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەدىر يەنە ئۆز ئادىتى بويىچە قولىغا ھېچقانداق ياراغ ئالماي سەپەرگە چىقىپتۇ. قەدىر بىر كۈن يول يۈرۈپ كۈن پاتارغا يېقىن بىر تاغ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكۈچە بىرەر قونالغۇغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن يولىنى يەنە داۋام قىپتۇ. ئېگىز تاغ بىلەن ئورالغان جىرا ئىچىدە كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر توپ قاراقچى پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپتۇ. قەدىر خېلى كۈچ ئىلىشىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما قىلىچ، نەيزە، شەمشەرلەر بىلەن تولۇق قوراللانغان قاراقچىلارغا تەڭ كېلەلمەپتۇ. قاراقچىلار قەدىرنى تۇتۇپ ئۆزلىرى تۇردىغان بىر ئۆڭكۈرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. قەدىر شۇ چاغدىلا ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە:

— ھەي ئىسىت! ئاتامنىڭ نەسىھىتىگە كىرگەن بولسام مۇشۇ كۈنگە قالمايتتىم، — دەپتۇ. قاراقچىلارنىڭ سەردارى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ئاتاڭ نېمە دەپ نەسىھەت قىلغانىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قەدىر:

— ئاتام: «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق، قولۇڭغا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقچىلىك نەرسە ئېلىۋالساڭ بېشىڭغا كۈن

چۈشكەندە ئەسقەتىدۇ» دېگەنىدى؛ مەن ئانامنىڭ نەسىھىتىگە كىرىپ قولۇمغا بىر تال يىڭنە ياكى ئۆرۈكنىڭ چىۋىقىنى بولسىمۇ ئېلىۋالغان بولسام بۇ كۈنگە قالمايتتىم، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ قاراق-چىلارنىڭ سەردارى، — ئۇنداقتا مەن ساڭا تەلىپىڭ بويىچە بىر تال ئۆرۈك چومىقى بېرەي، سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدىكىن، تۇتە مانا!

قاراقچىلارنىڭ سەردارى كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن بىر تال چوماقنى قەدىرگە ئېتىپ بېرىپتۇ. قەدىر چوماقنى قولىغا ئېلىپلا قاراقچىلارنىڭ سەردارىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. كۆيۈۋاتقان چوماق ئۇ قاراقچىنىڭ قاڭشىرىنى ئېزىپ، يۈزىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان قاراقچى قولىدىكى قىلىچنى تاشلاپ يۈزىنى تۇتۇپتۇ.

قەدىر شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاققانلىق بىلەن قىلىچنى ئاپتۇ ـ دە، قاراقچىلارنىڭ سەردارىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. باشقا قاراقچىلار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ نېمە قىلارنى بىلمەيلا قاپتۇ. قەدىر ئۇلارغا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ ھەممىسىنى قورقىتىپتۇ. ئاخىردا ئۇلارغا قاراقچىلىقنى تاشلاپ ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز يۇرتىغا كېتىشكە بۇيرۇپتۇ.

قەدىر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بولغان ئىشلارنى ئاتىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاتىسىمۇ قەدىرنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. قەدىرنىڭ ئۆرۈك چومىقى ئارقىلىق قاراقچىلارنىڭ سەردارىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى باتۇرلۇقى تاغدىن چۈشۈپ تارقاپ كەتكەن ھېلىقى قاراقچىلار

ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «كۆزگە ئىلمىغان چوماق قاڭ-شارنى يارار» دېگەن ماقال قەدىرنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

**ئابدۇسالام ساتتار**

www.uyghurkitap.com

# بەش بارماقنىڭ قايسىسىنىلا چىشلىسە ئاغرىيدۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغاندىكەن. ئاشۇ يۇرتتا چىچەك - چوكان ۋاقتىدا يولدىشىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئايالنىڭ بەش بالىسى بولۇپ، تۇرمۇشى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. ئۇ ئايال باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، بالىلىرىنىڭ ئەتىگەنلىكىنى تاپسا كەچلىكىنىڭ غېمىنى قىلىپ، ئۆزى يېمەي - يېگۈزۈپ، كىيمەي - كىيدۈرۈپ بالىلارنى چوڭ قىپتۇ. ئۇ ئايال بالىلىرىنى قاتارغا قوشقۇچە چاچلىرى پاختىدەك ئاقىرىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ شۇنچە جاپا چەككەنلىكىدىن ئاغرىنماي يەنە بالىلىرىنى مىڭ تەسلىكتە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇپتۇ.

ئۇ ئايال كىچىك ئوغلىنى ئۆيلەپ، ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى ئوغلىغا بىكارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باش تىقىپ ئولتۇرغۇدەك ماكانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئايال دەسلەپتە چوڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇپتۇ. چوڭ ئوغلىنىڭ يەتتە بالىسى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلى شۇ بالىلارنى بېقىشنىڭ غېمى بىلەن ئەتىگەندىن - كەچكىچە سىرتتا يۈرۈيدىكەن، ئۆيىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى تازا بىلىپ

كەتمەيدىكەن. ئۇ ئايال چوڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ بىر
ھەپتە بولغاندا كېلىنىنىڭ خۇيى تۇتۇپ چىراي ئاچماس بولۇ-
ۋاپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېلىنىنىڭ قىلىقلىرى كۈن-
دىن ـ كۈنگە ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇ ئايالغا تاماقنىڭ سۇيۇ-
قىنى، ناننىڭ قاتتىقىنى بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئايال ئوغلى-
نىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن دېمىنى ئىچىگە
يۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى، چوڭ كېلىن يولدىشى يوق ۋاقىتتا ئۇ ئايالغا
يەنە دوق قىلىپ:

— يا يەپ تويمىغان، ئەجەب قۇتۇلالمىدىم بۇ ئۆلمى-
گەن قېرىدىن، — دەپتۇ. بۇ گەپ ئۇ ئايالغا بەكمۇ ئېغىر
كەپتۇ ـ دە، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ماڭا بىر قاچا تاماق بېرىش ئېغىر كېلىپ مېنىڭ
ئۆلۈمىمنى تىلەمسەن؟ — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى گەپ تەرگىشىپ ئۇرۇشۇپ
قاپتۇ. كېلىنى ئۇ ئايالنى ئۆيدىن قوغلاپتۇ.

— بۇ ئوغلۇمنىڭ ئۆيى، سېنىڭ مېنى قوغلاشقا ھەق-
قىڭ يوق، — دەپتۇ ئۇ ئايال.

— قېنى كۆرەرمىز، بۇ ئۆي كىمنىڭ، ئوغلۇڭ كەل-
گەندە بىلىپ قالىسەن، — دەپتۇ كېلىنى كۆڭلىگە بىر ئىش-
نى پۈكۈپ.

ئۇ ئايالنىڭ چوڭ ئوغلى كەچقۇرۇن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ
ئايال بولغان ئىشنى ئوغلىغا دېگۈچە كېلىنى ئالدىغا ئۆتۈپ:

— سېنىڭ ئاناڭ ھازىر مېنىڭ ئەتكەن تامىقىمنى يارات-
مايدۇ، دائىم تاماقتىن قۇسۇر چىقىرىدۇ، بىكاردىن ـ بىكار
خاپا بولۇپ ماڭا دوق قىلىدۇ، ئەمدى مېنىڭ ھېچبىر چىدى-

غۇچىلىكىم قالمىدى، بۇ ئۆيدە سەن يا ئاپاڭ بىلەن تۇر، يا مەن بىلەن تۇر! — دەپ يىغلىغىنىچە ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ.

چوڭ ئوغۇل بىر ئاپىسىغا، بىر بالىلىرىغا قاراپ قويۇپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— ئانا، مېنى بالىلىرىم بىلەن تىنچ ياشىغىلى قويساڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇ ئايال ئوغلىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ ھەم ئېچىنغان، ھەم ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ئىست! سېنىڭ ئوغۇل بالا بولۇپ قالغىنىڭ، — دەپتۇ ـ دە، پېشىنى قېقىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئايال ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى ئوغلىنىڭ بەش بالىسى بولۇپ، چوڭى بەش ياشتا، كىچىكى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئىكەن. ئىككىنچى ئوغلىمۇ بالىلىرىنى بېقىشنىڭ غېمى بىلەن ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى ئۆيدە كۈن بويى چوڭ بالىلىرىنىڭ غەلۋىسىنى بېسىقتۇرۇپ، كىچىك بالىسىنىڭ تەرەت ـ سۈيدۈكلىرىنى ئادالاپ كۈننى كەچ قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ كېلىن قېينانىسى كەلگەندە بىرەر ۋاخ تاماقنى ئۆز ۋاقتىدا ئىسسىققىنا ئالدىغا قويماپتۇ، ئەكسىچە بوۋاقىنى قۇچىقىدىن چۈشۈرمەي قېينانىسىغا ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى يۈكلەپ قويۇپتۇ. ئۇ ئايال «بالام ئۈچۈن، نەۋرىلىرىم ئۈچۈن» دەپ كۈن بويى ئۆي ئىشلىرىدىن باش كۆتۈرەلمەپتۇ. ئەمما، ئىككىنچى كېلىن يەنىلا ئۇنىڭدىن رازى بولماپتۇ.

بىر كۈنى، ئىككىنچى كېلىن بوۋىقىنىڭ بىر پارچە

زاكىسىنىڭ ئانچە پاكىز يۇيۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قېيىناندىسىغا چالۋاقاپلا كېتىپتۇ:
— چوڭ بىر ئادەم تۇرۇپ يېگەن نېنىغا تۇشلۇق ئىش قىلالمىغان، يا كۆزدىن يوقالمىغان.
بۇ ئۆيدە ھېچقانداق خۇۋلۇق كۆرمىگەن ئۇ ئايالغا كېلىنىنىڭ گېپى بەكمۇ ئېغىر كەپتۇ.
— مەن بۇ ئۆيدە نېمە يېدىم؟ كۆندە بالىلىرىنىڭ پوق - سۈيدۈكىنى ئادالاپ، شۇ بالىلىرىڭنىڭ پوق - سۈيدۈكىنى يەۋاتىمەن! — دەپتۇ ئۇ ئايال. بۇنىڭ بىلەن كېلىن تېخىمۇ زەردە بىلەن:
— شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمىتىڭ ئەمىسە؟ سېنى ياتقۇزۇپ قويۇپ باقسام بولامتى؟ چىدىمىساڭ ماڭ! سېنى يەتتە قات كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇپ باقىدىغان بالىلىرىڭنىڭ ئالدىغا بار، قېنى، كىم سېنى مەندەك باقىدىكىن، — دەپ ئۆيدىن قوغلاپتۇ.
ئۇ ئايال ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن شۇنداقلا چىقىپ كەتكۇسى كەلمەي ئوغلىغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ، ئىككىنچى ئوغلىمۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي:
— ئانا، مەن سەندىن خۇش بولۇپ قالاي، مېنى مۇشۇ بەش بالام بىلەن تىنچ ياشىغىلى قويساڭ، — دەپتۇ.
ئۇ ئايال ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئۆيىدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپ، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ ئايال ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئايالىمۇ يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئۆيدىن ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايال بىر يىل ئۇ ئۆي، بۇ ئۆيدە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر كىچىك

ئوغلىنىڭ ئالدىغا بىرىپتۇ. بۇ چاغدا كىچىك ئوغلىمۇ بىر بالىلىق بولۇپ بولغانىكەن. ئۇ ئايال بۇ ئۆيگە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ كىچىك كېلىنىمۇ ئۇنى مالاي ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆي ئىشلىرىغا، بالا بېقىشقا سېلىپتۇ. شۇ ئىشلارغا سالغان-نى ئاز دېگەندەك، ئاخشىمى ئۇ ئايالغا تونۇر بېشىغا ئورۇن سېلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىشلار ئۇ ئايالغا تولىمۇ هار كەپتۇ. ئۇ ئايال بۇ ئازابلارغا چىدىماي ئوغۇللىرى ئۈستىدىن پادى-شاهنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئەي پادىشاهى ئالەم، مەندەك بىر ئاجىزغا باشپاناه بولۇپ، ئاشۇ نائەهلى ئوغۇللىرىمنى جازالاپ بەرسىلە، — دەپتۇ ئۇ ئايال ناله قىلىپ.

پادىشاه ئۇ ئايالنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئاڭ-لاپ، بەش ئوغلىنى ئوردىغا چاقىرىپ كەپتۇ.

— سىلەر نېمىشقا ئۆزۈڭلارنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاناڭلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاه غەزەپلىنىپ. ئۇ ئايالنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆز هالىنى ئېيتىپ:

— ئەي پادىشاهى ئالەم، كىم ئۆز ئانىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشقا چىدايدۇ؟ مېنىڭ يەتتە بالام بار، ئانام بىز بەش بالىنى ئوتىمىزدا كۆيۈپ، سۆيىمىزدە ئېقىپ چوڭ قىلغاندەك، ئايالىمۇ شۇ يەتتە بالىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ بېقىۋاتىدۇ. لېكىن، ئانام ئۆزىنى ئويلاپ ئايالىم بىلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ، ئايالىمنىڭ قىلغىنى توغ-را ئەمەس، ئۇنى ئەيىبلىسەم يەتتە بالىنى تاشلاپ كەتسە، بالىلىرىم تىرىك يېتىم بولۇپ قالامدۇ؟ مەن كىچىكىمدىلا ئاتامدىن ئايرىلغان، ئانام بېقىپ چوڭ قىلغۇچە يېتىمچىلىك-

نىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان. شۇڭا باللىرىمنى يېتىم قىلغۇم كەلمەي: «ئانا، مېنى باللىرىم بىلەن تىنچ ياشىغىدەك قويساڭ بولمامدۇ؟» دېدىم، كېيىن ئانام ئۆزى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ.

پادىشاھ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. پادىشاھ باشقا ئوغۇللىرىنىمۇ سوراق قىپتۇ. ئۇلارمۇ چوڭ ئوغۇلغا ئوخشاش جاۋاب بېرىشىپتۇ. پادىشاھ ئاخىرى كىچىك ئوغۇلدىن:

— سەن نېمىشقا ئاناڭنى كېچىسى تونۇر بېشىدا ياتقۇزۇپ قويىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. كىچىك ئوغۇل:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەن باللارنىڭ كىچىكى، ئانام باشقا باللىرىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ ھەممىسىگە ئۆي ئايرىپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى خېلى چوڭ، بىرقانچە مېھمان سىغىدۇ. مېنىڭ ئۆيۈم بىز بەش بالا قىسىلىشىپ يېتىپ چوڭ بولغان ئاشۇ بىرلا ئېغىزلا ئۆي، شۇڭا ئانامغا تونۇر بېشىغا ئورۇن راسلاپ بېرىپتىمەن، مېنىڭ بۇ نادانلىقىمنى كەچۈرسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھەممە ئوغۇللارنى سوراق قىلىپ بولۇپ ئاخىرى ئۇ ئايالدىن:

— ئوغۇللىرىڭنىڭ بايانىنى ئاڭلىدىڭ، ھەممىسى ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەب كۆرسەتتى، قايسىسىنى قانداق جازالاشنى بىلەلمەي قالدىم، قېنى، سەن ئېيتقىن، ساڭا قايسىسىنى جازالاپ بەرسەم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ ئايال گەپ قىلماپتۇ. پادىشاھ:

— چوڭ ئوغلۇڭنى جازالاپ بېرەي، ئۇ ھەممىدىن چوڭ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ ساگا ئوبدان قارىماپتۇ، — دەپتۇ ئۇ ئايال دەرھال:
— ياق، پادىشاھىئالەم، چوڭ ئوغلۇمنى جازالىسىلا بولمايدۇ، ئۇ مېنىڭ قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ، ئۇكىلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىشتا كۆپ جاپا چەككەن، — دەپ چوڭ ئوغلىنى جازالاشقا قوشۇلماپتۇ.
پادىشاھ ئىككىنچى ئوغۇلنى جازالاپ بەرمەكچى بولغانىكەن، ئۇ ئايال يەنە:
— ئەي پادىشاھىئالەم، ئىككىنچى ئوغلۇمنىڭ باللىرى كىچىك، ئۇنى جازالىسىلا باللىرى جاپا تارتىپ قالىدۇ، ئۇنى جازالىمىسىلا، — دەپتۇ.
پادىشاھ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئوغۇللارنى جازالاشنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئايال سەۋەب كۆرسىتىپ جازالاشقا قوشۇلماپتۇ. پادىشاھ ئاخىرى ھەممىدىن كىچىك ئوغۇلنى جازالاشنى ئېيتقانىكەن، ئۇ ئايال يەنە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:
— ئەي پادىشاھىئالەم، ئۇ ئوغلۇم ئاتىسىنىڭ يۈزىنى كۆرمىگەن، ئاتا مېھرىنى كۆرمىگەن، ئۇنى جازالىسىلا مەن تېخىمۇ چىدىمايمەن، — دەپتۇ.
پادىشاھ ئۇ ئايالنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قاراپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:
— ئەي ئانا، سەن بەش بارمىقىڭنى چىشلەپ باق، قايسى بارمىقىڭ ئاغرىمىسا، ئەرتىپ بويىچە شۇ ئوغۇلنى جازالاپ بېرەي، — دەپتۇ.
ئۇ ئايال بەش بارمىقىنىڭ قايسىسىنىلا چىشلىسە ئاغرىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ:
— ئەي پادىشاھىئالەم، راست، بەش بارمىقىمدىن قاي-

سىسىنىلا چىشلىسەم ئاغرىيدۇ، بۇ ھەممىگە ئايان، بولدى، بالىلىرىمنى جازالىمىسىلا، ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئالدىلىرىغا كەلگەن گۇناھىمنى كەچۈرسىلە، — دەپ پادىشاھدىن گۇناھىنى تىلەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنى جازالىماپتۇ. ئەمما، شۇ كۈندىكى ئىشلار بەش ئوغۇلغا ئىبرەت بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئانىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ ئوبدان بېقىپتۇ. بۇ ئىش پادىشاھ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئەل ئىچىگە تاراپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بەش بارماقنىڭ قايسىسىنىلا چىشلىسە ئاغرىيدۇ» دېگەن ماقال ئاشۇ ئايال بىلەن بالىلىرىنىڭ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا تۇغاننىڭ كارىزىدىن
**توختىخان ناجىت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئاۋۇت ۋە ساۋۇت ئىسىملىك ئىككى كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇلار يېقىن قوشنا بولۇپ، ئاۋۇت ئېغىر ـ بېسىق، ياۋاش، لېكىن ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان ئادەم ئىكەن. ساۋۇت بولسا چاقچاقچى، خىيالىغا كەلگەننى دەيدىغان، باشقىلارنى كۈلكىگە قويۇشقا خۇشتار ئادەم ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋۇت ئېتىزلىقتا كېتىۋېتىپ، يىراقتىن بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي خىيال بىلەن كېلىۋاتقان قوشنىسى ئاۋۇتنى كۆرۈپ، ئۇنى كولدۇرلىتىپ بېقىشنى ئويلاپ قاپتۇ. ئاۋۇت يېقىن كەلگەندە ساۋۇت بىر خىل تەڭقىسلىقتا قالغان قىياپەتتە:

— ۋاي، ئاداش، يېقىندىن بېرى قاملاشمىغان بىر ئىشنى بىلىپ قالغاندەك قىلىمەن، بۇنى سىلىگە دەي دېسەم يۈرىكىم چىدىمايدۇ، دېمەي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، قانداق قىلىشىمنى راستىنلا بىلەلمەي قالدىم؟ — دەپتۇ. ئاۋۇت قوشنىسىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھالدا:

— نېمە ئىش بولدى؟ بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساۋۇت بېشىنى تاتىلاپ گەپ قىلماپتۇ. ئاۋۇت سەل تىترىككەندەك بولۇپ:

— ھەي، جېنىم قوشنام، سىلى ئەزەلدىن گەپكە كەل-

گەندە بۇنداق مىس - مىس ئەمەس ئىدىلە، بۇگۈن ئەجەب تىللىرىنى قاغا چوقۇلۇۋالغاندەك بولۇپ قاپتىلىغۇ؟ گەپ بولسا گاچ - گاچ دېمەمدىلا، سىلىنى شۇنچە قىينىغان زادى نېمە گەپ ئىدى؟ — دەپتۇ. ساۋۇت ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ:

— مەن شۇ قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىدىن سىلىگە بۇ گەپنى دەي دەيمەن، لېكىن بۇ گەپنى سىلىگە شۇنداقلا دېيىشكە تىلىم كۆيۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپ بىلەن ئاۋۇت تېخىمۇ تىت- تىت بولۇپ:

— شۇ قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىدىن سىلى ماڭا دېمەكچى بولغان شۇ گەپنى تېزرەك دېسىلە، —دەپتۇ. ساۋۇت سەل بىئارام بولۇۋاتقاندەك قىياپەتتە:

— ھەي، بۇ گەپنى مەن بىلىپ تۇرۇپ سىلىگە دېمەيسەم، مەنمۇ قىيامەتتە قارا يۈز بولۇپ سوئال - سوراققا قالىمەن. شۇڭا سىلىگە دەي، يېقىندىن بېرى سىلى يوق چاغدا بىر يات ئەر سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە ئانچە - مۇنچە يورغىلايدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. بايا مەن بۇ ياققا ماڭغاندىمۇ ئۇ ئادەم سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەندەك قىلغانىدى، — دەپتۇ.

ئاۋۇت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئالدىراپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ساۋۇت ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئاۋۇتنىڭ كەينىدىن قاراپ: «بىر تاماشا چىقىدىغان بولدى - دە؟» دەپ ئىچىدە راسا كۈلۈپتۇ.

ئاۋۇت ئاچچىقىدا كەلگىنىچە ھويلىسىدىن بىر تال كالتەكنى قولىغا ئېلىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ. دېگەندەك، ئۇچاق تۈۋىدە بىر ئادەم بىر يوغان كۆتەكنى يېرىۋاتقانىكەن،

ئايالى كاڭدا ئولتۇرۇپ تاماقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتىكەن.
ئاۋۇت ئايالىغا قاراپ قويۇپ گەپ قىلماي قولىدىكى ئەينەك
بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى ساپتۇ. ئۇ
ئادەم شۇ هامان دۇم چۈشۈپتۇ. نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي
قالغان ئاۋۇتنىڭ ئايالى قورقۇپ كېتىپ :
— ۋاي، دادىسى! بۇ نېمە قىلغانلىرى! ؟ — دەپ
ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئاۋۇت دۇم چۈشكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈك -
تىرىكلىكى بىلەن كارى بولماي ئايالىغا ئالىيىپ:
— بۇ كىم! ؟ — دەپ غەزەپ بىلەن سوراپتۇ.
ئاۋۇتنىڭ ئايالى هودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي:
— بۇ قوشنىمىز ساۋۇتنىڭ دادىسى ماموت، ئۆيدە
قالىغۇدەك پارچە ئوتۇن قالماپتىكەن، ئۇنى كۆتەك يېرىپ
بېرىشقا چاقىرغانىدىم، — دەپتۇ.
ئاۋۇت شۇ چاغدىلا ئاچچىقىدا ئالدىراپ خاتا ئىش قىلىپ
قويغانلىقىنى بىلىپ هېلىقى يىقىلغان ئادەمنى يۆلەپتۇ، ئۇ
ئادەمنىڭ ئاللىقاچان جېنى چىقىپ بولغانىكەن. «تاماشا كۆ-
رىمەن» دەپ كەينىگە يانغان ساۋۇت بۇ ئۆيگە كىرىپلا قانغا
مىلىنىپ ياتقان دادىسىنى كۆرۈپتۇ - دە: «ئاھ، خۇدا! بۇ
نېمە ئىش؟» دەپ زار - زار يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاۋۇت هېچ
ئىش بولمىغاندەك:
— سىلى: «ئۆيۈڭلەردە يات ئادەم ئولتۇرىدۇ» دېگەند-
دىلە، كىرىپ ئۇرسام دادىلىرى چىقىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ —
دەپتۇ.
ساۋۇت بۇ ئەلەمگە چىدىماي دادىسىنىڭ خۇن دەۋاسىنى
قىلىپ ئاۋۇتنى قازىغا ئەرز قىپتۇ. ئاۋۇت قازىنىڭ ئالدىدا
بولغان ئىشنى باشتىن - ئاخىر بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

قازى ئاۋۇتنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ساۋۇتتىن:
— ئاۋۇتنىڭ ئېيتقانلىرى راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ساۋۇت ئامالسىز:
— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئويىنىشىپ شۇنداق دەپ قويغانىدىم، — دەپتۇ. قازى ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقاپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا:
— سەن ئويناپ سۆزلەپسەنۇ، ئاقىۋىتىنى ئويلىماپسەن ئەمەسمۇ، داداڭنىڭ بېشىغا ئۆزۈڭ چىقىپسەن، بۇ ئۆزۈڭ-نىڭ شورى، — دەپتۇ ۋە «ئاۋامغا ئىبرەت بولسۇن» دەپ بۇ دەۋانى قوبۇل قىلماپتۇ. ساۋۇت پۇشايمان بىلەن قازىخانى-دىن چىقىپ كېتىپتۇ.
بۇ ئىش يۇرت ئىچىگە تارقاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» دېگەن ماقال ئاۋۇت بىلەن ساۋۇتنىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەل-گەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسىدىن
**غوپۇر ئابدۇللا**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ھېكايىلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ئىشچان، ئەقىللىق، ھەممە ئىشقا پەمى بار بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر يىلى يازدا تىرىقچىلىق قىلىپ تاپقان ئاشلىقى بىلەن قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىكەن. بىر يىلى دېھقاننىڭ بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ چىلگە يېگۈسى كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كۆن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان بىر ئېغىز ئۆينى بىكارلاپتۇ، ئاندىن ئۇ ئۆينىڭ يېرىگە چۆنەك ئېچىپ چىلگە تېرىپتۇ. دېھقاننىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش نەتىجىسىدە ئۇزاق ئۆتمەي راسا ئوخشىغان چىلگىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نامايان بوپتۇ. ئۇ يۇرتتا ھەرقانداق مېۋە پىشسا ئەڭ ئاۋۋال «يۇرت بېشى يېسۇن!» دەپ پادىشاھقا تەقدىم قىلىدىغان ئادەت بار ئىكەن. شۇڭا دېھقان تۇنجى پىشقان چىلگىنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قىشتا تۇنجى قېتىم چىلگە يېيىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ دېھقاندىن:

— مۇشۇ قىشتا بۇ چىلگىنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆز ئۆيۈمدە تېرىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

پادىشاھ دېھقاننىڭ سۆزىگە تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

— بۇ قىشتا چىلگە تېرىشنىڭ ئۇسۇلىنى قانداق تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېھقان چىلگە تېرىش جەريانىنى، چىلگىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. دېھقاننىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن، قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولغان پادىشاھ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ:

— ئەقلىڭگە بارىكاللا، سەن بولساڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىشتىمۇ چىلگە يېگۈدەكمەن. خەزىنىدار، بۇ ئەقىللىق دېھقانغا مىڭ تىللا ئىنئام بەرگىن! — دەپتۇ.

خەزىنىدار مىڭ تىللانى ئېلىپ چىققۇچە دېھقان پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە سەپسېلىپ قاراپ چىقىپتۇ. دېھقان ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئېلىۋاتقان ئىنئامغا نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ ۋە كۆڭلىدە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپتۇ. دېھقان پادىشاھ بەرگەن مىڭ تىللانى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىشىگە ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھقا ئۆز كۆڭلىنى ئاشكارىلاپ:

— شاھىم، سىلىگە بۇ تىللالارنىڭ قەدىر- قىممىتى يوقتەك كۆرۈنگەن بىلەن، بىز ئۇنى تولىمۇ مۇشەققەتتە يىغىمىز. بەزىدە بىر تىللانى تېپىپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بەگلىرىمىز، چاپارمەنلىرىمىز مىڭ تىرىلىپ، مىڭ ئۆلگۈدەك بولىدۇ. سىلى بولسىلا بىر تال ئەرزىمەس چىلگە ئۈچۈن مىڭ تىللا بېرىۋەتتىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، شۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا سارغىيىپ

ـ تاتىرىپ كەتكەن بارمۇ؟ ئالماقنىڭ بىرەر ئەمىكى بار! بۇنى بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ سۆزىگە قايىل بولماي:

— مەن بۇ ئىشقا زادى بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرالمايمەن. ئۇلۇغ شاھىم، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ مىڭ تىللانىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ قايتۇرۇۋېلىش زۆرۈر دەپ قارايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ھەسەتخور، ئىچى تار، پەمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ- دە، ئۇنى ئۆزىدىن يىراق قىلىشنى ئويلاپ:

— بوپتۇ، مەن بەرگەن تىللالارغا سىنىڭ ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، سەن بېرىپ ئۇ دېھقاننى رەنجىتمەي، قورقۇتماي ھەم مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەلمەي، ئۇنىڭ قولىدىكى تىللالارنى قانچىلىك قايتۇرۇۋالساڭ ھەممىنى ئۆزۈڭ ئال! لېكىن، دېھقاننى رەنجىتسەڭ، قورقۇتساڭ، تىللالارنى قايتۇرۇپ كېلەلمىسەڭ بالاسىغا ئۆزۈڭ قالىسەن، دەۋايىڭنى مەن سورىمايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنىڭ چىقىشى بىلەنلا ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ گەپلىرىنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلاشمايلا ئوردىدىن چىقىپتۇ - دە، تورۇق ئارغىمىقىنى مىنىپ دېھقاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. دېھقان تېخى يولدا بولۇپ، ۋەزىرنىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ كېتىۋاتقانىكەن. ئوڭ قول ۋەزىر دېھقاننىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ:

— ھەي، دېھقان، توختا! مېنىڭ سەندىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار، شۇنىڭغا جاۋاب بەرسەڭ تىللالار سېنىڭ

بولىۋېرىدۇ، يولۇڭغا كېتىۋېرىسەن، ئەگەر توغرا جاۋاب بې-رەلمىسەڭ تىللالارنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

بۇ ئويۇننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ھەسەتخور، ئىچى تارلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئاللىقاچان ئويلاپ بولغان دېھقان:

— قېنى، تەقسىر، سوئالىڭىزنى سوراڭ، ئەمما بىر شەرت شۇكى، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تون- سەرپايلىرىڭىز-نى سالىسىز، مەن ئېتىڭىزغا مىنىپ، سىزنىڭ تون - سەرپايلىرىڭىزنى كىيىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىمەن. سىز سو-ئالىنىڭ جاۋابىنى مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيىپ تۇرۇپ ئاڭ-لايسىز. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسىڭىز، ھەر ئىككىمىز پادى-شاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز. مەنمۇ جاۋابنى شۇ يەردە بېرىمەن، سىزمۇ جاۋابنى شۇ يەردە ئاڭلاڭ، — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر دېھقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ پادىشاھ-نىڭ: «دېھقاننى رەنجىتسەڭ، قورقۇتساڭ، تىللالارنى قايتۇرۇپ كېلەلمىسەڭ بالاسىغا ئۆزۈڭ قالىسەن» دېگەن پەرمانى يادىغا كېلىپ:

— بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، ئەمما مېنىڭ سوئالىمغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىشىڭ شەرت، بولمىسا مەن سېنى بوش قويمايمەن، — دەپتۇ ھەم دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، كىيىملىرىنى دېھقانغا سېلىپ بېرىپتۇ، ئۆزى دېھ-قاننىڭ كىيىمىنى كىيىپ تۇرۇپتۇ. دېھقان ۋەزىرنىڭ تون-سەرپايلىرىنى كىيىپ ئارغىماق ئېتىغا مىنىپتۇ، ئاندىن ۋە-زىرگە قاراپ:

— قېنى، سوئالىڭىزنى سوراڭ! — دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— ھازىر مۇشۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە خۇدايىم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ. دېھقان:

— ھازىر مۇشۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە خۇدايىم ئاتلىقنى پىيادە، پىيادىنى ئاتلىق، دېھقاننى ۋەزىر، ۋەزىرنى دار قىلىۋاتىدۇ. قېنى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سورايدىغان قانداق سوئالىڭىز بار؟— دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر دېھقانغا قىلىشقا سۆز، قويۇشقا ئەيىب تاپالماي تۇرغان ئورنىدا بۇتتەكلا قېتىپ قاپتۇ. دېھقان تولۇق ئارغىماقنى مىنىپ پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ دېھقاننىڭ بۇ تورقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە يەنىمۇ قايىل بوپتۇ ۋە ئۇنى ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۆزىنىڭ ھەسەتخور، ئىچى تارلىقى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى بالا تېپىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارالماي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەسرەت بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بۇ ئىشى يۇرت ئىچىگە تاراپتۇ، يۇرت ئۆلىمالىرى بۇ ئىشقا قارىتا:

— «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دىگەن شۇ، — دېيىشىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دىگەن ماقال ئاشۇ ۋەزىرنىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسىدىن

**راجىھ ئابدۇقادىر ئىبراھىم**

# يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغاندىكەن. ئاشۇ يۇرتتا تەقى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، دائىم كىچىككىنە ئىشلارنى باھانە قىلىپ باشقىلارنى قازىغا ئەرز قىلىدىكەن ھەم شۇ ئارقىلىق ئاز- تولا نەپكە ئېرىشىدىكەن. شۇ يۇرتتىكى كىشىلەر بارا- بارا تەقىنىڭ مىجەزىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ - بېرىم قىلمايدىغان، ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بوپتۇ. شۇڭا تەقى خېلى ۋاقىتلارغىچە دەۋا - دەستۇردىن يىراق بوپتۇ، يۇرت قازىسىنىڭ قولىقىمۇ خېلى تىنچىپ قاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقىنىڭ بېغىغا قوشنىسى نەبىنىڭ ئىككى قويى كىرىپ كېتىپتۇ. تەقى دەل ۋاقتىدا كېلىپ قويلارنى تۇتۇۋاپتۇ، ئاندىن قوشنىسى نەبىنى چاقىرىپ: «بېغىمنى قويلىرىڭ ۋەيران قىلىۋەتتى، تۆلەم بېرىسەن!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تەقىگە ھېچقانداق زىيان بولمىغاچقا، نەبى ئۆزرە ئېيتىپ، تۆلەپ بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق تەرگىشىپ تۇرغاندا تەقىنىڭ يەنە بىر قوشنىسى سەمى كېلىپ قېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. تەقى خاپا بولغان ھالدا:

— بۇ نەبى دېگەن ئاداش قويلىرىغا ئوبدان قارىماپتۇ، مېنىڭ بېغىمنى ئۆزىنىڭ يايلىقى دەپ بىلگەن ئوخشايدۇ، قويلار بېغىمنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ. سەمى تەقى-

نىڭ بېغىنى كۆرۈپ چىقىپ :

— ھېچقانچە زىيان بولماپتۇ، قولۇم قوشنىدارچىلىقتا بۇنچىلىك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بولدى قىلىۋېتەيلى، — دەپ ئۇلارنى مىڭ تەسلىكتە ئاجرىتىپ قويۇپتۇ.

تەقى قوشنىسى سەمىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن نەبىنىڭ قويلىرىنى بېرىۋېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ: «بىر ئوبدان نەپكە ئېرىشىدىغان ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم» دەپ كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ. ئويلا - ئويلا ئاخىرى يەنىلا قازىخانىغا بېرىپ دەۋا قىلىش قارارىغا كەپتۇ. نەبىنىڭ قويلىرى تەقىنىڭ بېغىغا كىرگەن بىلەن ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يەپ ھېچقانداق زىيان سالمىغانىكەن. شۇڭا ئۇ دەۋادا نەپ ئالالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قوشنىسى سەمىنى ئۆزىگە گۇۋاھ بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. سەمى «ياق» دېسە بۇ مۇتتەھەم قوشنىسىنى رەنجىتىدىغانلىقىنى، «ماقۇل» دېسە ئاق كۆڭۈل قوشنىسىغا ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قاپتۇ. ئاخىر ئۇ قازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارىنى ئويلاپ، تەقىگە گۇۋاھچى بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

ئۇلار ئۈچى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. تەقى قازىغا يۈكۈنۈپ سالام بېرىپ :

— قازى جانابلىرى، يەنە ئالدىلىرىغا دەۋاغا كېلىپ قالدىم، ئاللانىڭ مەندەك ئاجىز بەندىسىگە ئۇۋال قىلماي، دەۋايىمنى لىللا سورايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

قازى ئالدىدا تۇرغانلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ :

— ئېيتە، سەن يەنە نېمە دەۋا بىلەن كەلدىڭ ؟ —

دەپ سوراپتۇ. تەقى قوشنىسى نەبىنى كۆرسىتىپ :

— بۇ قوشنامنىڭ قويلىرى مېنىڭ بېغىمغا كىرىپ بېغىمنى ۋەيران قىلىۋەتتى، زىيىنىمنى تۆلەپ بېرىشنى ئېيتسام ئۇنىمىدى، سىلىنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشلىرىنى ئۆتىنىمەن، — دەپتۇ.

نەبى تەقىنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، قازى ئۇنىڭدىن:

— قويلىرىڭ ئۇنىڭ بېغىنى ۋەيران قىلىۋەتكىنى راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نەبىنىڭ قازىخانىغا تۇنجى قېتىم كېلىشى بولغاچقا دۇدۇقلاپ قاپتۇ.

— قويلىرىمنىڭ تەقىنىڭ بېغىغا كىرىپ كەتكىنى راست، لېكىن...

نەبىنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا تەقى گەپنى تارتىۋېلىپ:

— مانا، قويلىرىنىڭ بېغىمنى ۋەيران قىلغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئىقرار بولدى، قازى ئاخۇنۇم، دەرھال ۋەيران قىلىۋەتكەن بېغىمنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. نەبى تېخىمۇ ھودۇقۇپ :

— ياق، ياق، مېنىڭ قويلىرىم ئۇنىڭ بېغىغا كىرگىنى راست، لېكىن ۋەيران قىلىۋەتمىدى، شۇ باغقا كىرىپلا كەتتى، — دەپتۇ ئالدىراپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز گېپىنى قىلىپ يەنە دەتالاشقا چۈشۈپتۇ، لېكىن بىر - بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشىنى توختىتىپ:

— سىلەر ھەر ئىككىڭلار ئۆز گېپىڭلارنى يورغىلىتىۋاتىسىلەر، بۇ ئەھۋالنى بىلىدىغان گۇۋاھچىڭلار بارمۇ؟ ئەگەر

www.uyghurkitap.com

گۇۋاھچى بولسا گۇۋاھچىنىڭ سۆزى راستتۇر، — دەپتۇ.

تەقى ئالمان ـ تالمان قوشنىسى سەمىنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ قوشنام سەمى ھەممىگە گۇۋاھ، ئۇ قويلارنىڭ باغنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم نەبى بىلەن ئىككىمىزنىڭ جېدىلىنى ئايرىپ قويغان، — دەپتۇ.

نەبىمۇ تەقىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا:

— راست، قوشنام سەمى بۇ ئىشقا گۇۋاھ، باغدا زىيان يوق، — دەپتۇ.

قازى سەمىنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغان سىياقىغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ:

— سەن بۇ ئىشقا گۇۋاھ بولغۇچىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەمى بىردەم قازىغا، بىردەم ئىككى قوشنىسىغا قاراپ:

— ھەئە! — دەپتۇ.

قازى يەنە:

— نەبىنىڭ قويلىرى تەقىنىڭ بېغىغا كىرىپ كەتكىنى راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەمى ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە:

— ھە؟ — دەپ ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ تۇرۇۋېپتۇ. قازى سەل تېرىكىپ:

— ھەي، گاچىمۇ سەن، نەبىنىڭ قويلىرى تەقىنىڭ بېغىنى ۋەيران قىلىۋەتتىمۇ، يوق؟ گەپ قىلمامسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

سەمى يەنىلا «ھە... ھە» دېگىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋېپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قازىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى:

— قازى ئاخۇنۇم، بۇ ئادەم ھەم گاس، ھەم گاچا

ئىكەن، بۇنداق ئادەم قانداقمۇ گۇۋاھچى بولالىسۇن، — دەپتۇ.
قازى تەقىگە ئاچچىقلاپ:
— سەن مۇشۇنداق ئادەمنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلدىڭمۇ؟ ئۇ گەپ قىلالمىسا قانداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟ — دەپتۇ.
تەقى نېمە قىلارىنى بىلمەي سەمەننىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ھەي، قوشنام، تېخى ئەتىگەندىلا ساقمۇساق تۇرىتتىڭغۇ، يول بويى ماڭا نەسىھەت قىلىپ كەلگەن ئىدىڭغۇ، قازىنىڭ ئالدىغا كىلىپلا گاس - گاچا بولۇۋالغانلىرى نېمىسى؟ — دەپتۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.
سەمى يەنىلا «ھە....» دېگىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋېپتۇ. تەقى ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ سەمىدىن زۇۋان چىقماپتۇ. تەقى سەمىنى گەپ قىلدۇرالماي ئاخىر بۇ دەۋادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ناھايىتى خاپا ھالدا قازىخانىدىن پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىپتۇ. تەقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سەمى ئۆز- ئۆزىگە: «ئۇھ، ئەجەب تەس كەلدى!» دېگىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قازى سەمىنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:
— ھەي، كاززاپ! بايام گەپ قىلمايۋاتاتتىڭ، ئەمدى تىلىڭ چىقىپ قالدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
سەمى ئىشنىڭ بارلىق جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:
— يالغان سۆزلەپ گۇۋاھلىق بەرسەم قوشنام نەبىگە ئۇۋال بولىدۇ، ئۇنى ئۇۋالچىلىققا قويسام قىيامەتتە يالغان گۇۋاھلىق بەرگىنىمنىڭ جاجىسىنى تارتىمەن، شۇڭا يالغان

سۆزلەشتىن گاچا بولۇۋېلىشنى لايىق كۆرۈدۈم، — دەپتۇ.

سەمىنىڭ سۆزلىرى قازىنى قايىل قىپتۇ. بۇ ئىش قازىنىڭ ئادەملىرى ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تاراپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى» دېگەن ماقال سەمىنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسىدىن
**راجىھ غوپۇر ئابدۇللا**

# يېنىدا بىر تىيىن يوق، تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ

بۇرۇنقى زاماندا سادىل ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىكار بولسىلا بازار ئارىلاپ تاماشا قىلىپ، نەدە ئادەم كۆپ بولسا شۇ يەردە پەيدا بولىدىكەن، ئۆزىگە يات بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىپ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىۋېلىشقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سادىل ئادىتى بويىچە يەنە بازار ئارىلاشقا چىقىپتۇ. سادىل قايناق بازاردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلاشلىرى، خېرىدارلارنىڭ باھا تالىشىپ قىزغىن سودا قىلىشلىرىنى تاماشا قىپتۇ، جانبازلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپتۇ، مەدداھلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ بازارنى ئەنە شۇنداق ئايلىنىپ مال بازىرىغا بېرىپ قاپتۇ. سادىل مال بازىرىدا كىشىلەرنىڭ تۆگە سودىگىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ، تۆگىلەرنىڭ چىشىنى ساناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سادىل ئىلگىرى بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقمىغاچقا بەكمۇ قىزىق تۇيۇلۇپتۇ.

سادىل سودىلىشىۋاتقانلارنىڭ گېپىگە قۇلاق ساپتۇ.

— بۇ قېرى تۆگە ئىكەن، مۇشۇنداق قېرى تۆگىنىمۇ بازارغا ساتقىلى ئەكىرەمسەن، بۇنداق قېرى تۆگىنى ساتقىلى ئەكىرگۈچە، ئوبدان بېقىپ، سەمرىتىپ قىشچە سوقۇم قىلساڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ بىر كىشى تۆگە سودىگىرىگە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، بىراق قىشتا تۆگە گۆشىنى سوقۇم قىلىدىغان باشقا بىرەرى بولسا شۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقسامىمىكىن، دەپ ئەكىردىم، باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ساۋابلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ تۆگە سودىگىرى ئۇ كىشىگە.

— باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى ئەمەس، كور خېرىداردىن بىرەرى ئۇچرىسا بىر ئەخمەق قىلسام، دەپ ئەكىرگەنسەن ؟

— راست دەيسەن، كور خېرىدار بولمىسا سودىنى نەس باسىدۇ، ھەركىم ئۆز رىزقىنى يەيدۇ.

سادىل ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قىزىققىنىچە ئۆزىمۇ ئارىغا كىرىپ تۆگىلەرنىڭ چىشىغا قاراشقا باشلاپتۇ. تۆگە سودىگىرى ئۇنىڭغا قاراپ:

— تۆگە ئالامىلا ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سادىلنىڭ تۆگە ئالىدىغان خىيالى بولمىسىمۇ «ھە» دەپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك بولۇۋېرىپتۇ. تۆگە سودىگىرى يەنە:

— قانداق تۆگە ئالىلا؟ كۆڭۈللىرىگە ياربغۇدەك تۆگىلەر بار، — دەپتۇ. سادىل يەنە بېشىنى كۆتۈرمەيلا «ئالىمەن!» دەپ قويۇپتۇ. تۆگە سودىگىرى سادىلنىڭ تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزى كۈتۈۋاتقان كور خېرىدار ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ - دە، باشقا خېرىدارلارنى تاشلاپ سادىلنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، سادىل قايسى تۆگىنىڭ چىشىنى كۆرسە شۇ تۆگىنى نەچچە خىل سۈپەت بىلەن ماختاپ تۇرۇپتۇ. سادىل تۆگە سودىگىرىنىڭ ماختاشلىرىغا ماسلىشىپ، «ھە، راست شۇنداقكەن»، «بەك ياخشىكەن» دەپتۇ. سادىل ئەنە

شۇ تەرىقىدە ھەممە تۆگىلەرنىڭ چىشىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە يېڭىۋاشتىن تۆگىلەرنىڭ چىشىنى ساناشقا باشلاپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ ھەربىر تۆگىنىڭ يېشىنى سوراپتۇ. تۆگە سودىگىرى زېرىكمەي تۆگىلىرىنىڭ يېشىنى دەپ بېرىپتۇ. سادىل ئەڭ ئاخىرقى بىر تۆگىنى سوراپ بولۇشىغا تۆگە سودىگىرى:

— قانداق؟ تۆگىلىرىم سىلىگە يارىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سادىل تۆگە سودىگىرىگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— تۆگىلەر بەك ياخشىكەن، — دەپتۇ.

تۆگە سودىگىرى:

— تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىلا، تۆگىلەرنىڭ ياخشىلىقىنىمۇ بىلدىلە، قېنى، قايسى تۆگە سىلىگە ياردى؟ — دەپتۇ.

سادىلنىڭ ئەسلىدىلا تۆگە ئېلىش ئويى بولمىغاچقا دەرھال نېمە دېيىشنى بىلمەي يەنىلا تۆگە سودىگىرىگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ. تۆگە سودىگىرى ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ: «ھەممىنى ئالامدۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ:

— ھەممىنى ئالسىلا ياپلاقلىرىغا ئۆزۈم ھەيدەپ ئاپىرىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

سادىل يەنە گەپ قىلماي قاراپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئاشۇنداق ھىجايغىنىچە:

— مەن ئەسلي تۆگە ئالمايتتىم، مېنىڭ يېنىمدا تۆگە ئالغۇدەك تەڭگە تۇرماق، بىر تىيىنىمۇ يوق. مەن باشقىلارنىڭ تۆگىلەرنىڭ چىشىنى ساناپ ياش - قېرىلىقىنى بىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ سىناپ باققانىدىم، لېكىن بۇلار-

نىڭ چىشىغا قاراپ يېشىنى بىلەلمىدىم، — دەپتۇ.
تۆگە سودىگىرى سادىلنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خاپا بو-لۇپ:
— سەن شۇ ئىش ئۈچۈن مېنى يېرىم كۈن ئەخمەق قىلدىڭما؟ مەن «سېنى» دەپ، كىلىۋاتقان ھەممە خېرىدار-لىرىمنى كەتكۈزۈۋېتىپتىمەن، — دەپتۇ.
سادىل تۆگە سودىگىرىنىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماي:
— خېرىدارلىرىڭنى مەن قوغلىۋەتمىدىم، مەن پەقەت تۆگىلىرىڭنىڭ چىشىنى ساناپ باقتىم، تۆگىلىرىڭنىڭ چى-شىنى ساناپ قويغانغا تۆگىلىرىڭ كەملەپ قالمىغاندۇ؟ — دەپتۇ.
سادىلنىڭ بۇ گېپىنى بىلەن تۆگە سودىگىرىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ ـ دە:
— مانا ئەمىسە يېنىڭدا بىر تىيىن يوق تۆگەمنىڭ چىشىنى سانىغىنىڭنىڭ جازاسى، — دېگىنىچە قولىدىكى ئې-شەك قامچىسى بىلەن ئۇنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.
سادىل ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە تۆگە سو-دىگىرىنىڭ قولىدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىقىپ-تۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت قۇتۇلغانلىقىغا شۈكۈر قىلماي، «تۆگىچى قەستەن مېنى بۇزەك قىلدى» دەپ قازىغا ئەرز قىپتۇ.
قازى تۆگە سودىگىرىنى چاقىرىپ كېلىپ غەزەپ بى-لەن:
— سەن نېمىشقا بۇ ئادەمنى بىكاردىن ـ بىكار ئۇرد-سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۆگە سودىگىرى بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ ئاخىر-دا:

— ئۇ يېنىدا بىر تىيىن يوق، مېنى ئاشۇنداق يېرىم كۈن ئەخمەق قىلىپ ئوقىتىمگە زىيان سالغاچقا ئۇردۇم، — دەپتۇ.

قازى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ سادىلغا خاپا بولۇپ:

— سەن يېنىڭدا بىر تىيىن يوق، تۆگىچىنى مالال قىلغىنىڭنى ئاز دېگەندەك، يالغان سۆزلەپ مېنىمۇ ئەخمەق قىپسەن، بۇ يالغانچى كاززاپنى ئوتتۇز دەررە ئۇرۇڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

سادىل قازىخانىدىن ئۆمىلەپ ئاران يېنىپ چىقىپتۇ. سادىلنىڭ قازىخانىدا دەررە يېگەنلىكى پۈتۈن يۇرتقا تاراپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سادىلنىڭ بۇ كەچۈرمىشىدىن: «يېنىدا بىر تىيىن يوق، تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ» دېگەن ماقال ئەل ئىچىگە تاراپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا تۇغاننىڭ كارىزدىن

ئابلىكىم ھەمدۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق بىر ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا كىشىلەر موللاغوجىكام دەپ ئاتىشىدىغان ساددا، ئاق كۆڭۈل بىر موللام ئۆتكەنىكەن. موللاغوجىكامنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان سەمەر ئىسىملىك بىر نەۋرىسى بار ئىكەن. موللاغوجىكام نەۋرىسى سەمەرگە ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ، ناھايىتى ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. سەمەر ئون بىر ياشقا كىرگەندە خېلىلا ئەقىل تېپىپ بوۋىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە موللاغوجىكامنى يىراق بىر مەھەللىدىكى تۇغقىنى تويغا چاقىرىپتۇ. موللاغوجىكام بىردىنبىر مۈلكى بولغان قوتۇر ئېشىكىنى مىنىپ، سەمەرنى ئەگەشتۈرۈپ تويغا مېڭىپتۇ. ئۆيدىن چىقىپ ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئۇلار يول بويىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىر توپ كىشىلەرگە ئۇچراپتۇ. ئولتۇرغانلار موللاغوجىكامنى ئەيىبلەپ:

— بۇ موللامغا قاراڭلار، كىچىككىنە بالىنى پىيادە ماڭدۇرۇپ ئۆزى ئېشەككە مىنىۋالغىنىنى! بىچارىنىڭ ئانىسى بولغان بولسا ھەرگىز بۇ كۈنگە قالمايتتى! نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن ئالەم، ئۇ بىچارىگە مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

موللاغوجىكام ئۇلارنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ دەر-

ھال ئىشەكتىن چۈشۈپ سەمەرنى ئىشەككە مىندۈرۈپ مې-
ڭىپتۇ. ئۇلار يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن مەسچىتتىن
يانغان بىر توپ جامائەتكە ئۇچراپتۇ. ئۇلار بۇ ئىككىيلەننى
كۆرۈپ، سەمەرنى ئەيىبلەپ:
— قاراڭلار، مۇشۇنداق باللارمۇ بار، ئۆزى شۇنچە
ياش تۇرۇپ ئىشەككە مىنىۋاپتۇ، ئاۋۇ ياشانغان دادىسى پىيا-
دە مېڭىپتۇ، نىمىدېگەن ئىنساپسىزلىق! قانداق جا-
ھان بولۇپ كەتتى بۇ؟ مۇشۇ كۈننىڭ باللىرىدا ئىنساپ
دېگەن نەرسە پەقەت قالمىدى، — دېيىشىپتۇ.
بۇ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلىغان موللاغوجىكام نەۋرىسى
سەمەرگە:
— سەن پىيادە مېڭىپ مەن ئىشەككە مىنسەم مەن
ئەيىبكە قالدىم، مەن پىيادە مېڭىپ سەن ئىشەككە مىنسەڭ
سەن ئەيىبكە ئۇچرىدىڭ؛ ئۇنىڭدىن كۆرە، ھەر ئىككىلىمىز
ئىشەككە مىنىپ ماڭايلى، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قۇتۇ-
لارمىز، — دەپتۇ- دە، ئىشەككە ئىككىسى مىنىپ يولىنى
داۋام قىپتۇ. بىراق، ئۇلار يەنە ئانچە كۆپ يول يۈرمەيلا
ئېتىزدىن يانغان بىر توپ دېھقاننىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپتۇ:
— قاراڭلار، بۇ موللاغوجىكامنى، ئىنساپ، رەھىم
دېگەننى بىلمەيدىكەن، كىچىككىنە بىر ئىشەككە ئىككىسى
مىنىۋاپتۇ، ھايۋان بولسىمۇ شۇنداق زۇلۇم سالغان بارمۇ؟
ئەگەر بۇ ئىشەكنىڭ زۇۋانى بولغان بولسا قازىغا ئىگىسى
ئۇستىدىن ئەرز قىلاتتى، تىلسىز ھايۋانغا ئامال يوقكەن-
دە؟ بۇ موللاغوجىكام ئاخىرەتتە ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بار-
لىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ — دېيىشىپتۇ.
بۇ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلىغان موللاغوجىكام بىلەن نەۋ-

رىسى سەمەر ئېشەكتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار ئېشەكنى يېتىلەپ بىر دۆڭگە كەلگەندە بىر توپ ياش يىگىتلەر ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ:

— قاراڭلار، ماۋۇ ئەخمەقلەرنى، تەييار ئېشەك تۇرسا مىنمەي يېتىلەپ ماڭغىنىنى، — دېيىشىپتۇ.

بۇ گەپتىن موللاغوجىكام ناھايىتى خاپا بولغان ھالدا نەۋرىسى سەمەرگە:

— بالام، ئېشەككە بىرىمىز مىنىپ، بىرىمىز پىيادە ماڭساق خەقنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدۇق، ئىككىمىز مىنسەكمۇ ئەيىبكە ئۇچرىدۇق، ئىككىمىز پىيادە مېڭىپ ئېشەكنى بىكار ھەيدەپ ماڭساق يەنىلا باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە ئۇچراۋاتىمىز. ئەمدى بىز ئىككىيلەن بولغاندىن كېيىن ئېشەكنى كۆتۈرۈپ ماڭايلى، — دەپتۇ.

سەمەر دادىسىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر تال بادرا تېپىپ، ئېشەكنى ئارقان بىلەن باغلاپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئېشەكنى كۆتۈرۈپ بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا دەريادا سۇ ئۈزۈپ ئويناۋاتقان بىر توپ باللار ئۇلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ غەلىتە ئىش باللارغا قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ راسا كۈلۈشۈپتۇ.

— قاراڭلار، بۇلار ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. ئېشەككە ئادەم مىنىپ ماڭغاننى كۆرگەن، ئېشەكنى ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى كۆرمەپتىكەنمىز.

بۇ نۆۋەت موللاغوجىكامنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ.

— قانداق خەق بۇ؟ ئۇنداق قىلسىمۇ گەپ تاپقان، بۇنداق قىلسىمۇ گەپ تاپقان. بالام، بىزنى مۇشۇنداق تولا

ئەيىبكە ئوچراتقان، يۈزىمىزنى يەر قىلغان بۇ ئېشەكنى مۇ-شۇ دەرياغا تاشلىۋېتىپلا قۇتۇلايلى، — دەپتۇ ـ دە، ئېشەكنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئۇلار ئېشەكتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ھېچكىم بىرنەرسە دېمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موللاغوجىكام خاتىرجەم ھالدا ھېلى-قى تويغا بېرىپ كەپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپ: «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» ماقال بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
چىرا ناھىيە چىرا يېزا توغرىقىغىل كەنتىدىن
**مەتغازاخۇن خەلىپە**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاتنى نەگە باغلايمەن، ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا سەمەر ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. سەمەر ئۆزى نامرات بولسىمۇ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست كىشى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەمەر شەھەردىن ئۆيىگە قايتقۇچە بىر سودىگەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ تونۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار يول بويى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى سۆزلىشىپ يولنى قىسقارتىپتۇ. سەمەر ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سودىگەرنى ھۆرمەت ـ قائىدە يۈزىسىدىن ئۆيىگە باشلاپ:

— مەن ئۆيۈمگە كېلىپ قالدىم، ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىپ، ئازراق بولسىمۇ يول ئازابىنى چىقىرىپ ماڭسىلا، — دەپتۇ.

سودىگەر ھېچبىر تارتىنمايلا:

— مەنمۇ شۇنداق چارچاپ، چاڭقاپ كەتكەنىدىم، «چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما» دەپتىكەن، تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلاي، — دەپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ.

سەمەر سودىگەرنىڭ قولىدىن ئېتىنى ئېلىپ ئوقۇرغا باغلاپ، مېھماننى ئۆيگە باشلاپتۇ. سودىگەر سەمەرنىڭ ئۆيدگە شۇ كىرگىنىچە بىرقانچە كۈن قونۇپ مېھمان بوپتۇ. سەمەر سودىگەرنى ئوبدان كۈتۈپتۇ، ئېتىغىمۇ ۋاقتى ـ ۋاق-

تىدا ئوت سېلىپ، سۇ قۇيۇپ ئوبدان قاراپتۇ. سودىگەر قايتىش ۋاقتىدا سەمەرگە قۇرۇق گەپ سېتىپ رەھمەت ئېيتىپ:

— سىلىگە كۆپ رەھمەت، سىلى بەك ئاق كۆڭۈل ئوبدان ئادەم ئىكەنلا، سىلى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمغا ناھايىتى خۇش بولدۇم، مەن بۇ يولدىن دائىم ئۆتۈپ تۇرىمەن، ھەر نۆۋەت ئۆتكەندە سىلىنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايمەن، — دەپ خوشلىشىپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەر يەنە كەپتۇ. سەمەر ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئېتىنى قولىدىن ئېلىپ ئوقۇرغا باغلاپتۇ. سەمەر سودىگەرنى ئاۋۋالقىدەكلا قىزغىن مېھمان قىپتۇ، ئېتىغىمۇ ۋاقتىدا يەم- خەشەك سېلىپ بېرىپتۇ. بۇ نۆۋەتمۇ سودىگەر بىرنەچچە كۈن قونۇپ مېھمان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سودىگەر سەمەرنىڭ ئۆيىگە بىر ئاينىڭ ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم كېلىدىغان، ھەتتا بىرنەچچە دوستىنى باشلاپ كېلىپ مېھمان بولىدىغان بولۇۋاپتۇ. سەمەر كۆپ بالىلىق، قول ئىلكىدە يوق، نامرات ئادەم بولسىمۇ، مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھېچنېمىنى چاندۇرماپتۇ. بىر قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۇن، بىر قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ياغ ئۆتنە ئېلىپ يۈرۈپ مېھمان كۈتۈپتۇ. سودىگەر ھەر قېتىم قۇرۇق قول كېلىپ، قۇرۇق تەكەللۇپ بىلەن كېتىۋېرىپتۇ. سەمەر بۇ مېھماندىن بارا - بارا بىزار بولۇشقا باشلاپتۇ، لېكىن سودىگەرگە «ئەمدى كەلمىسىلە!» دېيەلمەي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن سەمەر ئىلگىرىكىدەك سودىگەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ

چىقىپ ھۆرمەتلىمەيدىغان بوپتۇ. سەمەردىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ سودىگەر ئۆزىنى بىلمەپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەمەر سودىگەر بىنىڭ تو-شى قالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سودىگەرنىڭ ئېتىنى باغلايدىغان ئوقۇرنى بۇزۇۋېتىپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن سودىگەر يەنە بىرنەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ كەپتۇ. سەمەر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ، لېكىن سودىگەرنىڭ قولىدىن ئېتىنى ئالماپتۇ. سودىگەر ئىلگىرى ئېتىنى باغلىغان ئوقۇرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى باغلايدىغان يەر تاپالماي:

— ئاتلارنى نەگە باغلايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەمەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئارانلا تۇرغاچقا:

— نەگە باغلايتتىلا، ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا باغلىسىلا! — دەپتۇ.

سودىگەر ئاخىر ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ، ئۆيگە كىرمەي دوستلىرىنى باشلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش سودىگەرنىڭ دوستلىرى ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تاراپ: «ئاتنى نەگە باغلايمەن، ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا» دېگەن ماقال بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
شايار ناھىيە گۈلباغ يېزا بوز مەھەللىدىن

ئايتىللاخان

# تەن ساقلىق — تۈگمەس بايلىق

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن ناھايىتى يىراقتا بىر يۇرت بولغانىكەن، ئاشۇ يۇرتتا بىر كاتتا باي بولۇپ، ئۇنىڭ سالى ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. باي سالىنى زىيادە ئەتىۋارلاپ ھەممە نىمىسىنى تەييار قىلىپ بېرىپ، ھېچقانداق ئىشقا سالماي، ھېچقانداق ھۈنەر - بىلىم ئۆگەتمەي چوڭ قىپتۇ. سالىمۇ تەييارغا ھەييار، قولىدىن تۈزۈك ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ چوڭ بوپتۇ. يىللار ئۆتۈپ سالى ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن تۈگەپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ سالى ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - دۇنيانى سېتىپ يەپ- ئىچىپ ئاۋۋالقىدەك ياشاۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سالىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - دۇنيا تۈگەپ، سالى بىر بۇردا نانغا زار بوپتۇ. سالى بىرەر ئىش - ئوقەت قىلاي دېسە ھۈنۈرۈنلۇقىدىن ھېچ ئىش خۇشياقماپتۇ. ئۇ دائىم: «تۈگىمەس بايلىق بولسا، شۇ بايلىقنى سېتىپ يەپ، ئۆمۈر بويى باياشات تۇرمۇش كەچۈرسەم ...» دەپ خام خىياللار ئىچىدە يۈرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى، سالى ئۆزىنىڭ شۇ شېرىن خىيالىنى سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، شۇ يۇرتتىكى دانىشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. دانىشمەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ:

— ئەي، سالى، ساڭا نىمە دەرد كەلدى؟ تۇرقىڭ بەك

پەرىشانغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سالى ئۆزىنىڭ ھالىنى دانىشمەنگە سۆزلەپ بېرىپ:

— ئەي دانىشمەن ئاتا، دۇنيادا تۈگىمەس بايلىق بارمى-دۇ؟ بولسا شۇنى تېپىۋالسام، ئارزۇيىمغا قېنىۋالسام، مال- دۇنيانىڭ غېمىنى قىلماي ياشىۋالسام، — دەپتۇ.

دانىشمەن سالىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر توغرا يولغا باشلاپ قويۇشنى ئويلاپ:

— دۇنيادا تۈگىمەيدىغان بايلىق بار، — دەپتۇ.

سالى ئالدىراپ دانىشمەندىن:

— ئەي دانىشمەن بوۋا، مېنىڭ ھازىر ھېچنېمەم قالمى-دى، ھالىم بەك خاراب، شۇ بايلىق نەدە؟ مەن ئۇ بايلىققا ئېرىشمىسەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

دانىشمەن سالىنىڭ ئۇستۇبېشىغا قاراپ چىقىپ:

— مانا، سېنىڭ تېنىڭ ساغلام، بەش ئەزايىڭ ساق، پۇت- قوللىرىڭ بىجىرىم ئىكەن، مۇشۇنىڭ ئۆزى تۈگىمەس بايلىق، — دەپتۇ.

سالى دانىشمەن بوۋاينىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ:

— بۇنى قانداقمۇ تۈگىمەس بايلىق دېگىلى بول-سۇن؟ — دەپ سوراپتۇ.

دانىشمەن بوۋاي سالىنىڭ ئۆز گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈ-شەنمىگەنلىكىنى بىلىپ:

— سەن بۇنىڭ تۈگىمەس بايلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمى-سەڭ، مەن ساڭا دەپ بېرەي، سەن ماڭا بىر بارمىقىڭنى كېسىپ بەرگىن، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا مىڭ تىللا بې-رەي. ئون بارمىقىڭنى كېسىپ بەرسەڭ ئون مىڭ تىللا بېرەي. ئىككى پۇتۇڭنى كېسىپ بەرسەڭمۇ يەنە ئون مىڭ تىللا بېرەي. ئەگەر بېشىڭنى كېسىپ بەرسەڭ يۈز مىڭ تىللا

بېرەي، — دەپتۇ.

سالى دانىشمەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ياق، ياق، دۇنيادىكى بارلىق تىللالارنى بەرسىمۇ پۇت - قولۇمنى، بېشىمنى كېسىپ بەرمەيمەن، — دەپتۇ.

— ھەببەللى، ئادەم ئۇچۇن بەش ئەزاسىنىڭ ساق بولۇشى تۈگىمەس بايلىق، ئاشۇ بايلىقلىرىڭنى ئىشقا سالالىساڭلا ئۆمۈر بويى بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىسەن ھەم ئۆز ئەۋلادلىرىڭ ئۇچۇنمۇ بەخت يارىتالايسەن، ئاتاڭمۇ ئاشۇ بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ كۆپ مال- دۇنياغا ئېرىشكەن، — دەپتۇ دانىشمەن.

سالى دانىشمەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەقلىنى تېپىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەجىر تەرى بىلەن كاتتا باي بولۇپ ھۇزۇر- ھالاۋەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، كېيىن يەنە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، بالىلىق بوپتۇ. سالى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى «ئىبرەت بولسۇن» دەپ بالىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش سالىنىڭ بالىلىرى ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تارايتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «تەن ساقلىق — تۈگىمەس بايلىق» دېگەن ماقال سالىنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا ئارال كەنتىدىن
**داۋۇت ئاخۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# ھەركىمنىڭ نىيىتى ئۆزىگە ھەمراھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر شانۇشەۋكەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ بىرمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن، شۇڭا ئۇ دائىملا پەرىشان يۈرىدىكەن.

پادىشاھ بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغاچقا، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقاندا يەنە بىر قىتىم توي قىپتۇ. توي كۈنى ئۇ خۇدادىن: «ئەي، خۇدا! مىنىڭ پۈشتىمدىن بىرنەرسە ئاتا قىلساڭ...» دەپ تىلەپتۇ. ئارىدىن توقسان توققۇز كۈن ئۆتۈپ، پادىشاھنىڭ يېڭى ئالغان قىرىق بىرىنچى خوتۇنى ھامىلىدار بوپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەردىن چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ ھەمدە خوتۇننى ناھايىتى ياخشى كۈتۈپتۇ.

توققۇز ئايدىن كېيىن پادىشاھنىڭ قىرىق بىرىنچى خوتۇنىنىڭ توغۇت كۈنى توشۇپتۇ. توغۇت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان تۇغۇت ئانىلىرى بالا ساق ـ سالامەت تۇغۇلسا، پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ سۆيۈنچە ئېلىشنىڭ تەمەسىدە بالىنىڭ يورۇق دۇنياغا تېزرەك كۆز ئېچىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بالا تۇغۇلۇپتۇ، ئەمما ئانىنىڭ قورسىقىدىن بالا ئەمەس، بەلكى بىر تۇلۇمغا ئوخشاش بىر نەرسە چۈشۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان تۇغۇت ئانىلىرى بۇ

خەۋەرنى پادىشاھقا قانداق يەتكۈزۈشنىڭ غېمىدە قېلىپتۇ.
ئاخىر بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئاتىسى — پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئىنتايىن خىجىل-چىلىق ئىچىدە يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي:
— تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، بۇ قىسمەتنى تارتىش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىكەن، — دەپ ناھايىتى مەيۈس-لىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.
پادىشاھ شۇ غەم - قايغۇ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پادىشاھقا:
— ئەي پادىشاھ، سەن خۇدادىن پەرزەنت تىلىمەي بىر-نەرسە تىلىگەنىدىڭ، خۇدا ساڭا تىلىگىنىڭنى بەردى. ئەمدى سەن ئايالىڭ، قېيناتاڭ ئۈچىڭلار بىر يەرگە كېلىپ، باشقا كىشىلەرگە ئېيتمىغان سىرىڭلارنى، نىيىتىڭلارنى راستچى-لىق بىلەن ئېيتىڭلار، ئاشكارىلاڭلار، شۇنداق قىلساڭلار تۈلۈم بالىغا ئايلىنىدۇ، ئەگەر ئۆز نىيىتىڭلارنى راستچىل-لىق بىلەن ئاشكارىلىمىساڭلار تۈلۈم ئۆز پېتى قالىدۇ، — دەپتۇ.
پادىشاھ چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ دەرھال قېيناتى-سى بىلەن خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ كۆرگەن چۈشنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپ:
— بىز بالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارغا ئېيتمىغان، باشقىلاردىن يوشۇرغان نىيەت - سىرلىرىمىزنى راستچىللىق بىلەن ئېيتايلى، — دەپتۇ ۋە ئالدى بىلەن ئۆزى سۆزلەپتۇ، — مەن شۇنچە كاتتا پادىشاھ بولساممۇ، بايلىقلى-

رىمنىڭ ھەددى ـ ھېسابىنى بىلمىسەمۇ، بىرەر كىشى ئالدىمغا ھال ئېيتىپ، دەرد تۆكۈپ ئەرز قىلىپ كەلسە شۇ كىشىنىڭ قولىغا قارىغۇم كېلىدۇ. ئالدىمغا كەلگەن كىشى ئالما چاغلىق نەرسە ئالغاچ كەلگەن بولسا كۆڭلۈم سۆيۈنە-دۇ، ئۇ كىشىنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىغا ياخشى يېتىمەن. ئال-دىمغا كەلگەن كىشى قۇرۇق قول كەلسە، ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىغۇم كەلمەيدۇ، بۇ مېنىڭ كىشىلەرگە ئېيتمىغان سىرىم ئىدى.

پادىشاھ ئۆز سۆزىنى تۈگىتىشى بىلەن تەڭلا تۇلۇمغا باش پەيدا بوپتۇ. تۇلۇمغا باش پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ قېيناتىسى بولغان ئۇلۇغ قول ۋەزىر پادىشاھقا:

— مېنىڭ باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان سىرىم شۇكى، سىلى ئۆلسىلە تەختلىرىگە ئولتۇرۇپ پۈتۈن يۇرتنى ئۆزۈم سورىسام دېگەن نىيەتتە يۈرگەنىدىم، — دەپتۇ. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىشى بىلەن تۇلۇمغا پۇت ـ قول پەيدا بولۇپ ئادەم سىياقىغا كىرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئايالى ئۆز جىسمىدىن چۈشكەن تۇلۇمدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، پادىشاھقا:

— سىلى بالدۇرراق ئۆلسىلە، ياش بەرنا يىگىتتىن بىرىگە تېگىپ، ئۇنى پادىشاھلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرسەم، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسەم دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئايالى ئۆز نىيىتىنى ئاشكارىلاپ سۆزىنى تۈگىتىشى ھامان تۇلۇمغا كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز ۋە باشقا ئەزالىرى پەيدا بولۇپ، بىر ساغلام ئوغۇل بالىغا ئايلى-نىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەتتە بول-



www.uyghurkitap.com

غانلىقىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ، بىر- بىرىدىن ئەپۇ سورىشىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوغلىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، پۈتۈن يۇرتقا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن خەۋىرى بارلار بالىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ سىرىنى سورىشىپتۇ. پادىشاھ بولغان ئىشنى ئاشكارىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ھەركىمنىڭ نىيىتى ئۆزىگە ھەمراھ» دېگەن ماقال پادىشاھنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
خېجىك ناھىيە 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن
پاشاخان مۇئەللىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاشنىڭ قەدرىنى — يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىـ
كەن. ئاشۇ يۇرتتا سادىق ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن.
سادىق ئىشچان، تىرىشچان، دانا ئادەم ئىكەن. سادىقنىڭ
سادىر دەپ بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئوغلىنى «كامالەتكە يەتـ
كەن ئۆلىما بولسۇن» دەپ مەدرىسىگە بېرىپتۇ، لېكىن ساـ
دىر پەقەتلا ياخشى ئوقۇماپتۇ. سادىرنىڭ ئوقۇشىدىن ئۈمىدى
ئۈزۈلگەن ئاتا ئۇنىڭغا بىرەر ھۈنەر ئۆگىتىپ، ئىش- ئەمـ
گەكنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، ئەلگە تونۇلغان ھۈنەرۋەن قىلـ
ماقچى بوپتۇ. سادىق ئوغلىنى قايسى ھۈنەرگە بېرىش، كىمـ
گە شاگىرتلىققا بېرىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئاخىـ
رى يىراق شەھەردە تۇرىدىغان بىر ياغاچچى ئاغىنىسىگە شاـ
گىرتلىققا بەرمەكچى بوپتۇ. بىر كۈنى سادىق ئوغلى سادىرنى
ئېلىپ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە مەقسەت ـ
مۇددىئاسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ:

— بۇرادىرىم، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم، بالامغا ھۈنەرـ
نى ئوبدان ئۆگىتىپ ئىش ـ ئەمگەكنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان،
ھۈنەرگە ماھىر يارامىلىق ئادەم قىلىپ بەرگىن! — دەپتۇ.
ئۇ ياغاچچى سادىققا:

— مەن سېنىڭ قەدىناس ئاغىنەڭ تۇرسام، شۇنچىلىك

ئىشتا ياردەم قىلمىسام بولامدۇ؟ خاتىرجەم بولغىن، ئوغ-
لۇڭنى ئۆز ئوغلۇم ئورنىدا كۆرۈپ ھۈنەرنى ياخشى ئۆگىتىد-
مەن، — دەپ سادىرنى ئېلىپ قاپتۇ.

ياغاچچى سادىقنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن دوستۇمە-
نىڭ بالىسىنى جاپاغا قويماي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئەتىسى
سادىرنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئاتاڭ بىلەن مەن قەدىناس دوست، سەنمۇ
مېنىڭ ئۆز ئوغلۇمغا ئوخشاش، سەن ماڭا ھازىر مېھمان،
شۇڭا بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ، شەھەرنى سەيلە - تاماشا
قىلىۋالغىن، پۇل - پۇچەك لازىم بولسا تارتىنماي سورى-
غىن، شۇنىڭدىن كېيىن ھۈنەرنى ئۆگەنسەڭمۇ بولىدۇ، —
دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ياغاچچى سادىرغا ئۆزى يېمەي -
يېگۈزۈپ، كىيمەي - كىيگۈزۈپ، ھېچقانداق ئىشقا سال-
ماي، شەھەرنى تاماشا قىلىشقا قويۇپ بېرىپتۇ. سادىر ھېچ-
قانداق تەلىم - تەربىيە ئالماي، ھېچقانچە ھۈنەر ئۆگەنمەيلا
ئىككى يىلنى بىكار لاغايلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئىككى يىل
توشقان كۈنى سادىر ئاتا - ئانىسىنى يادىغا ئېلىپ ياغاچچىغا:

— ئۆيگە بېرىپ، ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلەي،
— دەپتۇ.

ياغاچچى سادىرغا ھۈنەر ئۆگەتمىگەننى يادىغا كەلتۈر-
مەي:

— بولىدۇ، بالام، شۇنداق قىل، — دەپ سوۋغا -
سالام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

سادىر ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭ
بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئىككى يىل جەريانىدا

نىمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى سورىپتۇ. سادىر ھۈنەر ھەققىدە گەپ قىلماي، يېگەن ـ ئىچكەن، ئىسسىنغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن سادىقنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، سادىرنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ـ دە، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— بالام، داستىخاندىكى ئاۋۇ پارچە نانلارنى تۆكۈۋەت! — دەپتۇ.

سادىر گەپ ـ سۆز قىلماي پارچە نانلارنى داستىخان بىلەن كۆتۈرۈپلا تاشقىرىغا ئاچىقىپ تۆكۈۋېتىپتۇ.

سادىق كۆڭلىدە: «ھەي ... بۇ تېخى ئەمگەكنىڭ، ناننىڭ قەدرىنى بىلمەپتۇ، ئاغىنەم ئۇنى ياخشى تەربىيىلىمەپتۇ، باشقا بىرىگە ھۈنەرگە بېرەي ...» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سادىق ئوغلىنى باشقا بىر شەھەردە تۇرىدىغان تۆمۈرچى ئاغىنىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. تۆمۈرچىمۇ خۇددى ياغاچچى ئويلىغاندەك ئويلاپ سادىرنى ئوبدان كۈتۈپتۇ، ئۇنى ھېچقانداق ئىشقا سالماپتۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن سادىر ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. سادىق ئوغلىنى يەنە ئاۋۋالقىدەك سىناپ بېقىپتۇ، لېكىن ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش بوپتۇ. سادىق: «ھەر ئىككى ئاغىنەم بالا تەربىيىلەشنى ئۇقمايدىكەن، مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم دېگەن گەپ بار، ئەمدى يېزىدىكى دېھقان ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە بېرەي، بالامغا دېھقانچىلىقنى ئۆگەتسۇن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئوغلى سادىرنى يېزىدىكى دېھقان ئاغىنىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

دېھقان سادىرنى ئېلىپ قاپتۇ. ئەتىسى دېھقان تاڭ سۈزۈلۈشىگىلا سادىرنى ئويغىتىپ:

— تۇر، بالام، دېھقان دېگەن ھەرگىز كۈن چىققۇچە

ئۇخلاپ ياتمايدۇ، چاي ۋاقتىغىچە بىر ئاز ئىشلىۋالايلى، — دەپتۇ.

سادىر دېھقان بىلەن بىرگە ئېتىزدا چاي ۋاقتىغىچە ئىشلەپ، قورسىقى ئېچىپ ئۆيگە ئارانلا يېتىپ كەپتۇ. دېھ- قاننىڭ ئايالى داستىخان سېلىپ چاي تەييارلاپتۇ. سادىر داستىخاندىكى زاغرا ناننى كۆرۈپ تويۇپلا قاپتۇ. دېھقان بولسا زاغرىنى ئىشتىھا بىلەن يېگەچ:

— قېنى، بالام، چۈشكىچە قورسىقىڭ ئېچىپ قالىدۇ، قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇزۇۋال! — دەپتۇ.

سادىر بىر زاغرا نانغا، بىر دېھقانغا قاراپ:

— مەن مۇشۇ كۈنگىچە زاغرا نان يەپ باقمىغان، بۇغ- داي نانلىرى يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېھقان سادىرنىڭ ئۈستىۋېشىغا قاراپ قويۇپ:

— يەپ باقمىغان بولساڭ ئەمدى يېيىشنى ئۆگىنىسەن، قېنى، جىق - جىق يېگىن! بۇغداي ناننى خۇدايىم بۇيرۇسا بۇغداي پىشقاندا يەيمىز، — دەپتۇ.

سادىر ئامالسىز زاغرا ناننى يەپتۇ، قورساق ئاچقاندا زاغرا نان بۇغداي نېنىدىنمۇ تەملىك تېتىپتۇ. شۇنداق قى- لىپ دېھقان سادىرنى ئاغىنەمنىڭ بالىسى دەپ ئەتىۋارلىماي، ئۆزى نېمىنى يېسە سادىرغىمۇ شۇنى بېرىپتۇ، كۈن چىقماس- تا ئېتىزغا ئاچىقىپ، كۈن پاتقاندا ئىشتىن ياندۇرۇپ كې- رىپتۇ. ئىككى يىل جەريانىدا دېھقان ئۇنى تاماق تاللى- مايدىغان، جاپالىق ئىشلەپ ئاددىي - ساددا ياشايدىغان قى- لىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇ. سادىرغا بۇ كۈنلەر ئىلگىرىكى- دىنمۇ مەنىلىك تۇيۇلۇپ، تېرىقچىلىقتىن تارتىپ يىغىمىغىچە بولغان ھەممە ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپتۇ. دېھقان

ئۈچىنچى يىلى كۈزدە سادىرغا بىرقۇر يېڭى كىيىم كىيدۈرۈپ:

— بۇ كىيىملەر سەن تېرىغان ئاشلىقنىڭ پۇلىغا كەلدى، بۇ ئۆز ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسى، ئەمدى ئۆيۈڭگە بېرىپ، ئاتا ـ ئاناڭنى كۆرۈپ كەلگىن! — دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. سادىر ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتىسى سادىق ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنى سىناپ:

— بالام، ماۋۇ داستىخاندىكى پارچە نانلارنى تۆكۈۋەتكىن! — دەپتۇ.

سادىر بۇ نۆۋەت نارازى بولغان هالدا دومسىيىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئاپئاق بۇغداي ناننى نېمىدەپ تۆكۈۋېتىمىز؟ ئېلىپ قويۇپ كېيىن يېسەك بولمامدىغۇ؟ — دەپتۇ.

سادىق ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۈلۈپ:

— ئۆتكەن قېتىمدا گەپ قىلماي تۆكۈۋەتكەن ئىدىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سادىر ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن ھەقىقەتەن خىجىل بولۇپ:

— ئۇ چاغدا مەن بىكار نان يەپ يۈرگەچكە ئەمگەكنىڭ، ناننىڭ قەدرىنى بىلمەپتىكەنمەن. بىز يەۋاتقان نان، كىيىم-كېچەكلەر نۇرغۇن ئىش ـ ئەمگەك بەدىلىگە كېلىدىكەن، ئاتا. مەن دېھقان تاغامنىڭ ئۆيىدە بۇلارنىڭ ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم، — دەپتۇ.

سادىق ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بارىكاللا، ئوغلۇم، ئەمدى ھەقىقىي ئادەم بوپسەن، — دەپتۇ.

سادىر كېيىن يەنە يېزىغا قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىغىچە دېھقانچىلىق قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئۆز كەچۈر-مىشلىرىنى باللىرىغا، نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپ:
— ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر، — دەپ نەسىھەت قىلىدىغان بوپتۇ.
سادىرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ باللىرى ئارقىلىق يۇرت ئىچىگە تاراپ: «ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر» دېگەن ماقال بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسىدىن

**راجىھ ئىبراھىم قاسىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىرىنىڭ قىقى تۈگمەس

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قەمەر ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ هامىمال بازىرىدا هامماللىق قىلىپ خوتۇنى ۋە سەكسەن ياشقا كىرىپ قالغان ئانىسىنى باقىدىكەن. قەمەر ئىشچان، كۆچتۆڭگۈر بولغاچقا تاپاۋىتى يـاخشى بولـۇپ، تـۇرمۇشتا ئىقتىسادتىن بەك قىينىلىپمۇ كەتمەيدىكەن. قەمەرنىڭ خوتۇنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاماق ئېتىپ، كىر ـ قات يۇيۇپ، قېينانىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ قەمەرنىڭ ئانىسى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئانىنىڭ ئاغرىپ ياتقان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى قەمەرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەمەر هامىمال بازىرىدىن قايتىپ كەلگۈچە بازاردىن ئانىسىغا ئۈچ تال قاق ئالغاچ كەپتۇ. ئانا ئوغلىدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ، بىر تال قاقنى ئاغزىغا سېپتۇ، لېكىن چىشى بولمىغاچقا شۇمۇپ يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا تاماق يېگەندە ۋە ئۇخلىغاندا قاقنى قولىغا ئېلىۋالىدىغان، باشقا چاغدا ئاغزىدىن چۈشۈرمەي شۈمۈپلا يۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن قېينانىسىغا ئۆچ بولۇپ قالغان خوتۇنىنىڭ كۆڭلىگە جىن كىرىپتۇدە، قەمەر ئۆيگە ئەكەلگەن تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى قەمەرگە ۋە قېينانىسىغا تۇيدۇرماي ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

ئۆيگە توشۇشقا باشلاپتۇ. قەمەر دەسلەپتە خوتۇنىنىڭ بۇ ئىشىنى سەزمەپتۇ. كۈنلەر ئۆزارغانسېرى قەمەر ھەرقانچە تىرىشىپ ئىشلەپ خېلى كۆپ نەرسە ئەكەلسىمۇ توشۇ-مايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى، قەمەر ئاخىرى خوتۇنىدىن:

— ھەي خوتۇن، مەن بۇ ئۆيگە ئەكەلگەن شۇنچە يېمەك-لىكلەر بارغانسېرى ئوغاي تۈگەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ ئۆيدە سىلى ۋە ئانامدىن باشقا ئادەم بولمىسا، بۇ نېمە ئەھۋال؟ — دەپ سوراپتۇ.

قەمەرنىڭ خوتۇنى ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئۆزىدىن سورايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كۆڭلىگە ئالدىن پۈ-كۈپ قويغىنىنى بويىچە:

— بۇ ئىشنى مەندىن سورىماي ئاۋۇ ئانىلىرىدىن سورى-سىلا، ئۇ ئورنىدا كېچە - كۈندۈز تىنىماي يەپ يېتىۋاتىد-سا؟ ئۇنداق يېسە تاغارلاپ ئاش ئەمەس، سايىنىڭ قۇمى-مۇ تۈگەيدۇ. سىلى «يېتىپ يېسە تاغمۇ تۈگەيدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپتۇ.

قەمەر خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئانىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئانىسىنىڭ ئاغزى ھەقىقەتەنمۇ تىنىماي مىدىرلاپ تۇرغانىكەن. قەمەر بۇ ئىشنى نەچچە كۈن كۆزىتىپ ئاخىر خوتۇنىنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ-تۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئانىسىغا بەرگەن ئۈچ تال قاقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىكەن. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتكەنسېرى قەمەر ئانىسىنىڭ بۇنداق توختىماي يې-يىشىدىن زېرىكىپتۇ ۋە خوتۇنى بىلەن قانداق قىلىش ھەققى-دە مەسلىھەتلىشىپتۇ. خوتۇنى قەمەرگە ئانىسىنى تاشلىۋې-

تىش مەسلىھەتىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەمەر خوتۇنـ
نىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئانىسىنى دەرياغا تاشلىۋەتمەكچى
بوپتۇ، بىر كۈنى سەھەردە قەمەر ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.
— ئانا، سىلى كېسەل تارتىپ ئۆيدە ئۇزاق يېتىپ
كەتتىلە، ھازىر ئازراق پۇل تاپتىم، سىلىنى تېۋىپقا كۆرسىـ
تىپ داۋالىتىپ باقايلى، مەن بىلەن بارامىلا؟ — دەپ ياخشى
گەپ بىلەن ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تۇرۇپ سوراپتۇ.
ئانا ئوغلىنىڭ يامان نىيىتىنى بىلمىگەچكە تېۋىپقا كۆـ
رۈنۈشكە قوشۇلۇپتۇ. قەمەر ئانىسىنى چوڭ بىر تاغارغا ساپـ
تۇ. ئانا تاغارغا كىرگەندىن كېيىنلا ئوغلىنىڭ نىيىتىنىڭ
يامانلىقىنى بىلىپتۇ، لېكىن دەريا بويىغا يېتىپ بارغۇچە
گەپ ـ سۆز قىلماي تاغاردا يېتىپتۇ. دەريا بويىغا بارغاندا،
ئانىسى:
— ئوغلۇم، مېنى يۈدۈپ ئۇزۇن يول يۈردۈڭ، بەك
ھېرىپ كەتتىڭ، ئازراق دەم ئېلىپ ماڭايلى، — دەپتۇ.
قەمەر ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تاغارنى يەرگە قويۇپـ
تۇ. ئانىسى شۇ چاغدا قەمەرگە:
— بالام، قولۇڭنى ئەكەل! ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغان
بىر نەرسە بار، بۇ مەن بىلەن كەتسە بولمايدۇ، — دەپتۇ.
قەمەر قولىنى سۇنغانىكەن، ئانىسى ئۈچ يىل بۇرۇن
قەمەر بەرگەن ئۈچ تال قاقنىڭ بىرىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇـ
زۇپتۇ ـ دە:
— بالام، سەن ئۈچ يىل بۇرۇن ماڭا ئۈچ تال قاق
بەرگەنىدىڭ، ئۈچ يىل ئىچىدە ئىككى تال قاقنى يېدىم،
ماۋۇ بىر تالنى يېيىش ماڭا نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ،
شۇڭا ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي، — دەپتۇ.

قەمەر ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلاپ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ نادانلىق قىلىپ قويغىنىد-غا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئانىسىدىن ئەپۇ سوراپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەپتۇ، نائەقىل خوتۇنىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقى-رىپتۇ. ئاندىن ئاشۇ يۇرتتىكى ئەڭ ياخشى تېۋىپنى چاقىرىپ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپتۇ. ئانىسى قەمەرگە خۇدا-دىن بەخت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپتۇ. قەمەرنىڭ تاپقان - تەرگىنى بەرىكەت تېپىپ، تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشى-لىنىپتۇ. قەمەر تاكى ئانىسى كۆز يۇمغۇچە ئۇنى ئوبدان بېقىپتۇ. قەمەر ئانىسىغا قىلغان خىزمىتىنىڭ شاپائىتىنى كېيىن بالىلىرىدىن كۆرۈپتۇ.

يۇرت ئەهلى قەمەردىن خوتۇنىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقى-رىۋېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، قەمەر بولغان ئىشنى يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. قەمەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭ-لىغان خالايىق ياقىلىرىنى سىقىشىپ:

— تۇۋا! قېرىنىڭ قېقى تۇگىمەي كۆرىدىغان كۈنى، رىزقى باركەندۇق، — دېيىشىپتۇ. بۇ ئىش ئىبرەت بولۇپ ئەل ئىچىگە تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «قېرىنىڭ قېقى تۇگىمەس» دې-گەن ماقال ئەنە شۇنداق پەيدا بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگە-نىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
شايار ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىدىن
**ئۆمەر سامساق**

# ئۇرۇشقاق خوتۇننىڭ ئېرى تېز قېرىيدۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ئەمەت ۋە سەمەت دەپ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەنىكەن. ئاكىسى ئەمەت كۈننى كۈنگە ئارانلار ئۇلايدىغان نامرات، ئىنىسى سەمەت بولسا توققۇزى تەل باي ئىكەن. ئۇلارنىڭ ياش پەرقى خېلىلا چوڭ بولىسمۇ، لېكىن سەمەت ئاكىسى ئەمەتكە قارىغاندا قېرى كۆرۈنىدىكەن. شۇڭا بىلمەيدىغانلار ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنى بىر يەردە كۆرسە سەمەتنى ئاكىسى، ئەمەتنى ئۇكىسى دەپ ئالماشتۇرۇپ قويىدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتتىكى بىر توپ كىشىلەر ئۈجمە سايىسى ئاستىدا تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، پاراڭنىڭ ئاخىرىدا ئاشۇ ئاكا ـ ئۇكىلارغا بېرىپ توختاپتۇ. ئۇلار: «نېمىشقا ئىنىسى ئاكىسىدىن قېرى كۆرۈنىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلىپتۇ، لېكىن ھېچكىم بىر ـ بىرىنى قايىل قىلغۇدەك سەۋەب تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇلاردىن يەتتە ـ سەككىز يەلەن ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى بىلىپ بېقىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئۇلار ئاۋۋال سەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مېھمانلارنى كۆرۈپ سەمەت ناھايىتى خۇش بوپتۇ، ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ. لېكىن، سەمەتنىڭ خوتۇنى مېھمانلارنى قەس-



www.uyghurkitap.com

تەنگە كۆرمەسكە سىلىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشماپتۇ. سەمەت مېھمانلارنى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ بولغاندىن كېيىن خوتۇ-نىنىڭ قېشىغا چىقىپ:

— خوتۇن، كونىلار «ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدا بەر-گەن مېھمان» دەپتىكەن، ياخشى مېھمان كەلدى، چاي تەي-يارلاپ بىرەر نەرسە قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

سەمەتنىڭ خوتۇنى قاپىقىنى تۈرگىنىچە:

— ئۆيدە مېھمانىنى كۈتكۈدەك گۆش يوق. يا مېنىڭ ئاتام ئۆلمىسە، كەلگەنلا ئادەمگە داستىخان سالىدىغان، — دەپتۇ.

— گۆشسىز بولسىمۇ بىر ئامال قىلساڭچۇ، —دەپتۇ سەمەت يىلىنغان ئاھاڭدا.

سەمەتنىڭ خوتۇنى جاھىللىق بىلەن:

— ئۆيدە ئۇنمۇ يوق، مېھمانلار توپا يېمەيدى-غاندۇ؟! — دەپتۇ.

سەمەت يەنە خوتۇنىغا يىلىنىپ:

— ھېچبولمىغاندا نان - پان، چاي - پىيىك باردۇ؟ شۇنى بولسىمۇ ئاچىققىن! — دەپتۇ.

سەمەتنىڭ خوتۇنى تېخىمۇ چالۋاقاپ:

— نانمۇ يوق، سۇمۇ يوق، سەن سىرتتا لاغايلاپ يۈ-رۈپ، ئۆيدە نېمە بار، نېمە يوقلۇقى بىلەن كارىڭ بولماي، مېھمان كەلسە مېنى قەستەن قىيناۋاتىسەن، مېنى مېھمانلا-رنىڭ ئالدىدا قەستەن ئوسال قىلماقچىمۇسەن؟—دەپ ۋارقى-رىغىنىچە سەمەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ.

مېھمانلار سەمەتنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان گەپلىرىنى ئىچكەركى ئۆيدە باشتىن - ئاخىر ئاڭلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلار

دەرھال چىقىپ سەمەت بىلەن خوتۇنىنى ئاجرىتىپتۇ ۋە:
— بىزگە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئۆيىمىزنى ئوبدانراقلا كىرىپ چىقايلى دەپ كىرگەنىدۇق. بىز قايتايلى، خوش، ئامان بولۇڭلار، — دېگىنىچە بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
سەمەتنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ خوتۇنى «يوق» دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغانلىقىنى مېھمانلار بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇلار «تو ۋا!» دەپ ھەيران قېلىشىپتۇ ھەم بايا بولغان ئىشلارنى دېيىشىپ كۈلۈشۈپتۇ.
مېھمانلار سەمەتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مېھمانلار ھويلىغا كىرىشىگىلا ئەمەت بىلەن خوتۇنى ئۇلارنى ناھايىتى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. مېھمانلار ئۆيىگە كىرگۈچە ئەمەتنىڭ خوتۇنى ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ، ئۆيىدە بار شۇ بىر ئەسكى كۆرپىسىنى قېقىشتۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئاستىغا سايتۇ. ئەمەت مېھمانلار بىلەن خوشال - خۇرام تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:
— ھەي، خوتۇن، ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدا بەرگەن مېھمان، خۇدا بەرگەن مېھمانلارغا قويغۇدەك بىرەر نېمەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ئەمەتنىڭ خوتۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بولمامدىغان، دادىسى! بار، مېھمانلار كەلگۈچە ئۇسساپ قالغاندۇ، ئاۋۋال تاۋۇز تىلايلى، — دەپتۇ.
ئەمەتمۇ ئوخشاشلا كۈلۈپ تۇرۇپ:
— قېنى ئەمىسە، تاۋۇزنىڭ ياخشىسىنى ئاچىقىڭ، مېھمانلارنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە تەگسۇن، — دەپتۇ.
ئەمەتنىڭ خوتۇنى «ماقۇل» دەپ چىقىپ كېتىپ بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ئەمەت خوتۇنىنىڭ قولىدىكى

مايماق تاۋۇزنى ئېلىپ:

— ياخشىراقى يوقمۇ، شۇنداق ئەزىز مېھمانلارغا؟ — دەپتۇ.

ئەسلىي ئەمەتنىڭ تۇرمۇشى سەمەتنىڭ تۇرمۇشىغا قاردىغاندا خېلى ناچار بولۇپ، شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا دەرھال ئاچىققۇدەك ئاشۇ مايماق تاۋۇزدىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. لېكىن، ئەمەتنىڭ ئايالى بۇنى چاندۇرماي:

— ماقۇل، مەن قايتا قاراپ باقاي، — دەپ چىقىپ كېتىپ يەنە شۇ تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۇمشۇق تەرىپىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەمەت بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ تاۋۇزۇڭ خېلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، قېنى، ياخشى چىقارمىكىن، ئەكەلگىنە تىلىپ باقايلى، — دەپ تاۋۇزنى تىلىپتۇ.

تاۋۇز ھەم قىزىل، ھەم تەملىك چىقىپتۇ. مېھمانلار تاۋۇز يېگەچ قىزىق پاراڭلارنى سېلىشىپتۇ، ئاخىردا بۇ مېھماندوست ساھىبخانىلاردىن رازى بولۇشۇپ قايتىپتۇ. مېھمانلار يولدا كېتىۋاتقاندا ئارىدىكى مويسىپىت بىرەيلەن:

— بىزنىڭ تالىشىشىمىزنىڭ تۈگۈنى ئەمدى يېشىلدى، سەمەتنى قېرىتىۋەتكەن «ھېلىقى بارنى يوق» دەپ سوقۇشىدىغان خوتۇنى. ئەمەتنى ياشارتىۋەتكىنىمۇ ھېلىقى يوقنى بىلىندۇرمەي گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خوتۇنى ئىكەن، — دەپتۇ. بۇ گەپكە ئۇلاپلا يەنە بىرەيلەن:

— ئۇرۇشقاق خوتۇننىڭ ئېرى تېز قېرىيدىغان گەپكەن ـ دە؟ — دەپتۇ.

ھەممەيلەن «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن يۇرت ئىچىگە تارىلىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئۇرۇشقاق خوتۇننىڭ ئېرى تېز قېرىيدۇ» دېگەن ماقال سەمەتنىڭ ئەشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ، ئەل ئىچىگە تاراپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە لۈكچۈن ئوتتۇرا مەكتەپتىن

**ئەرشىدىن ئەنەس**

# تىلىگەن تىلەككە يەتمەپتۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر باي بىلەن بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى قوشنا بولۇپ ئۆتكەنىكەن. باينىڭ يايلىقىدا سان - ساناقسىز مال - چارۋىلىرى، خەزىنىسىدە ساندۇق - ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بولسىمۇ، يەنىلا مال - دۇنياغا تويماي بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىكەن. كەمبەغەل ئوتۇنچى بولسا كۆرگەن كۈنگە شۈكۈر- قانائەت قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتۇنچى ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپتۇ. ئەمما، بۇ كۈنى ئۇ ئانچە كۆپ ئوتۇن يىغالماي كۆڭلى مەيۈس ھالدا قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ تاغ باغرىدىكى بىر يوغان قارا تاشنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاپئاق ساقاللىق، چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قامەتلىك بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ. ئوتۇنچى ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى پەملەپ تەزىم قىلىپ سالام بېرىپتۇ. خىزىر ئوتۇنچىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئاق كۆڭۈل بەندە، مەن ساڭا ياردەم قىلاي، ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوتۇنچى كۆپ ئويلانمايلا:

— ماڭا بىر ئېغىز ئۆي بىلەن ئازراق پۇل ھەدىيە قىلىشلىرىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ.

خىزىر ئوتۇنچىغا بىر ھەشەمەتلىك ساراي ۋە نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن - كۈمۈش ئىلتىپات قىپتۇ.

كەمبەغەل ئوتۇنچىنىڭ تۇيۇقسىز بېيىپ كېتىشىنى كۆرگەن باي قوشنىسى ئۇنىڭدىن شۇنچە كۆپ مال - دۇنيانى نەدىن تاپقانلىقىنى سوراپتۇ. ئوتۇنچى بايغا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. باي ئوتۇنچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. تەلىيىگە ئۇمۇ خىزىرغا يولۇقۇپتۇ. باي خىزىرغا توققۇز تەزىم بىلەن سالام قىپتۇ. خىزىر باينىڭ سالىمىدىن كۈلۈپ كېتىپ:

— بولدى، بولدى، ئورنۇڭدىن تۇر، سەن نېمە تىلەيسەن؟ ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

باي بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن:

— مەن ئويلىنىپ بولۇپ تىلەك تىلىسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

خىزىر باينىڭ نىيىتىنى بىلىپ:

— بولىدۇ، مەن سېنىڭ ئۈچ تىلىكىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىمەن، نېمە تىلىسەڭ بولىۋېرىدۇ، — دەپتۇ.

باي بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بوپتۇ، ئۆيىگە قايتىش يولىدا نېمە تىلەش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ مېڭىپتۇ. تۇيۇقسىز بىر قاغا باينىڭ يېنىدىن قاقىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى بۇزۇپتۇ. قاغىدىن بىزار بولغان باي: «ئىلاھىم، مۇشۇ يەردىلا جېنىڭ چىقىپ كەتسە بولامدۇ» دەپ تىلەپتۇ. قاغا شۇ ھامان پالاقشىغان پېتى يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي: «ھەي، ئىسست! بىر تىلەكتىن قۇرۇق قالدىم - دە!» دەپ چايان چاققاندەك ئازابلىنىپتۇ.

باي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، ئىشكى ئالدىدىكى بىر قورام تاشتا ئولتۇرۇپ نېمە تىلەشنىڭ خىيالىنى سۈرۈپتۇ. باي تىلەك غېمىدە ئولتۇرغاندا مالىيى چىقىپ:

— بېگىم، ئاغىچا خېنىم چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— كىرىپ دەپ قويغىن، ئىشى بولسا ئاخشاملىققا دېسۇن، — دەپتۇ باي خاپا بولۇپ.

مالاي كىرىپ كېتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي باينىڭ خوتۇنى چىقىپ:

— ۋاي، بېگىم، قوپسىلا، سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، — دەپتۇ.

بۇ گەپ بايغا قەۋەتلا خۇشياقمىغاچقا: «بۇ خوتۇننىڭ يوقىلاڭ گېپىنى ئاڭلىغۇچە مۇشۇ تاشقا چاپلىشىپ قالسام بولامدۇ» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشىلىپتۇ، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرگەن باينىڭ خوتۇنى:

— ۋاي، بېگىم، نېمە بولدىلا، تۇرالمايلىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باي قاتتىق ھەسرەت ئىچىدە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا ئەڭ ئاخىردا قالغان بىردىنبىر تىلەكنى مۇشۇ تاشتىن ئاجرىۋېلىشقا ئىشلەتسىلە، — دەپتۇ.

باي ئاخىرقى بىر تىلەك بىلەن تاشتىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەمما، باي تىلىيەلمەي قالغان تىلەكلىرىنىڭ دەردىدە كېسەل تارتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ ئىش باينىڭ مالايلىرى ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «تىلىگەن تىلەككە يەتمەيتۇ» دې-
گەن ماقال ئاشۇ باينىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بۈگۈنگىچە يې-
تىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
كۇچا ناھىيە كونىشەھەردىن

جامال راشى

# يەرنىڭ ئەسكىسى يوق، قىنغى يوق

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن ناھايىتى يىراق چەت بىر يۇرتتا مۆمىن ئىسىملىك تولىمۇ تەقۋادار بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئەللىك مو يېرى بولۇپ، يىل بويى شۇنچە ئىخلاس بىلەن تېرىقچىلىق قىلىسىمۇ، يىل ئاخىرىدا تۇزۇك ھوسۇل ئالالمايدىكەن. يەرنىڭ مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا كېمىيىپ، مۆمىنىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. يەردىن قاتتىق رەنجىگەن مۆمىن يېرىنى ھېچكىم بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان، دائىم ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك بولىدىغان بىر كىشىگە ئىجارىگە بېرىۋېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ھوسۇل پەسلى يەنە يېتىپ كەپتۇ. مۆمىن يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى تاماشا قىلغاچ ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئىجارىگە بېرىۋەتكەن يېرىگە كېلىپ قاپتۇ. «ئوھوي، نېمىدېگەن ئوخشاپ كەتكەن قوناقلار بۇ!» مۆمىن كۆزىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى چاغدا شۇنچە ئۇزاق يىل تۇزۇك نەپ بەرمىگەن يەر باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپلا يۈز ئۆرۈگىنىنى قارىمامدىغان؟ مۆمىنىنىڭ بۇ يەرگە شۇنچىلىك ئۆچلۈكى كەپتۇكى، قولىدىن كەلسە يەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكۈدەك بوپتۇ. بىراق، قولىدىن بۇ ئىشلار كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن مۆمىن

شۇ ئاچچىقىدا قازىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە يەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان دەرد - ئەلەملىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، قازىغا يەردىن ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئارىسالدى بولۇپ قالغان قازى ئاخىر مۆمىنگە ئىچى ئاغرىپ ئېتىزلىققا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. بۇ يەردىكى مەنزىرە ھەقىقەتەن مۆمىن ئېيتقاندەك ئىكەن. قازىنىڭمۇ بۇ ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي، خۇدانىڭ زېمىنى! بىر ئەھلى تەقۋادار، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى، جامائەتنىڭ ئالدى بولغان بىر كىشى تېرىسا ھوسۇل بەرمەيسەنۇ، ئەجەبا ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ھېچكىمگە ئارىلاشماي قاتاردىن قالغان بىر ئادەم تېرىسا شۇنچە ياخشى ھوسۇل بېرەمسەن؟ — دەپ يەرگە خىتاب قىپتۇ. شۇ ھامان زېمىندىن ئاۋاز چىقىپتۇ:

— ئەي قازى، مەن كىشىلەرنى ئالداشنى بىلمەيمەن، كىم قانچىلىك ئەجىر قىلسا شۇنىڭغا لايىق نەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن مۆمىنگە نەپ بېرىش نىيىتىدە كۆپ تىرىشتىم، ئەمما ماغدۇرسىزلىقتىن ئۇنى رازى قىلالمىدىم. ئاخىر ئۇ مەندىن ئاغرىنىپ ھازىرقى تېرىغۇچىغا بېرىۋەتتى. مەن: «يېڭى ئىگەمگە ياخشى ھوسۇل بەرمەسمەن» دەپ ئەھدى قىلغانىدىم، لېكىن ئۇ ئاغزى - بۇرنۇمغا ئوغۇتنى تىقىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋىتىم ئاشتى، ھوسۇل بەرمەسلىككە ئامالىم بولمىدى.

قازى زېمىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەيىبنى مۆمىنگە قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يەرنى ئوغۇتلاپ تېرىش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ قايتىپ كېتىپتۇ. كېيىن قازى بۇ ئىشنى يۇرت

ئۆلىمالىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن: «يەرنىڭ ئەسكىسى يوق، قىغى يوق؛ ئەرنىڭ ئەسكىسى يوق، پۇلى يوق» دېگەن ماقال پەيدا بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
يەكەن ناھىيە يېتىم باللار مەكتىپىدىن

**مۇھەممەد قۇربان**

www.uyghurkitap.com

# بېشىڭ نەدىن كېتەر تىلىڭدىن

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئەقىللىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھەرقانداق ئىش قىلىشتا دانا، ياخشى ئادەملەر بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىشنى ياقتۇرىدىكەن. پادىشاھ بىر قېتىملىق كېڭەشتە ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان شۇ زېمىنىدا بىر ئەقىللىق دىۋانە بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ دىۋانىنىڭ باشقىلار ئېيتقاندەك ئەقىللىق ياكى ئەقىللىق ئەمەسلىكىنى سىناپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ئەقىللىق دىۋانە پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ، كىرىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇ دىۋانىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇرسەن بولۇپ ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىشاھ دىۋانىنىڭ تەقى - تۇرقىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ يۈزىنى تۇتۇپتۇ، دىۋانە گېلىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى كۆرسەتكەنىكەن، دىۋانە تىلىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئىشارەتلەرگە قايىل بولغان پادىشاھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بىر تاۋاق تىللانى دىۋانىگە ئۆز قولى بىلەن بېرىپتۇ.

بۇ ئىشلارغا ھەم ھەيران، ھەم نارازى بولغان ۋەزىر-ۋۇزرالار دىۋانە ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

— ھەر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگىنىمىزدە سالامىمىزنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمايتتى، ئەجەبا، بۈگۈن نەدىكى بىر دىۋانىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا بىر

تاۋاق تىللا بېرىۋەتتى، بىز شۇنچە يىل پادىشاھنىڭ خىزمە-
تىدە بولۇپ بۇنچە كۆپ ئىنئامغا ئېرىشمىگەنىدۇق، —
دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلەرنىڭ ھەممى-
سىگە بىرقۇر قاراپ چىقىپ:
— مەن بايا دىۋانە بىلەن ئىشارەت ئارقىلىق سۆزلەش-
تىم، قىنى، قايسىڭلار ئېيتىپ بېرەلەيسىلەر؟ مەن نېمە
دېدىم، دىۋانە نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ توغرا تاپقۇچىلار
ئوخشاشلا بىر تاۋاق تىللا بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، — دەپتۇ.
ۋەزىرلەر گەپ قىلالماپتۇ، پادىشاھ ئۇلارغا قاراپ كۇ-
لۇپ قويۇپ:
— مەن دەسلەپتە ئۇنىڭغا: «يۇز نېمىدىن كېتىدۇ؟»
دەپ ئىشارەت قىلسام، ئۇ ئىشارەت بىلەن: «گالدىن» دەپ
جاۋاب بەردى. ئاندىن يەنە: «باش نېمىدىن كېتىدۇ؟» دەپ
ئىشارەت قىلسام: «تىلدىن» دەپ كىشىنى ھەيران قالدۇر-
غۇدەك جاۋاب بەردى. ھەقىقەتەن شۇنداق، نەپسىنى يىغمى-
غان ئادەم يۇز ـ ئابرۇيىدىن ئايرىلىدۇ، ئالدى ـ كەينىنى
ئويلىماي سۆزلەيدىغان ئادەم جېنىدىن ئايرىلىدۇ، — دەپتۇ.
ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئەقلىگە باركاللا ئېيتىپتۇ، دىۋا-
نىنىڭ دانالىقىغا قايىل بوپتۇ. بۇ ئىش ۋەزىرلەرنىڭ غەيۋەت-
لىك تىلى ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تارىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارى-
غاندا: «بېشىڭ نەدىن كېتەر تىلىڭدىن، يۈزۈڭ نەدىن كېتەر
گېلىڭدىن» دېگەن ھېكمەت پادىشاھ بىلەن ئاشۇ دىۋانە ئوتتۇ-
رىسىدىكى كەچمىشتىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۇچى:
تۇرپان شەھەر ئايدىڭكۆل ئوتتۇرا مەكتەپتىن
**نىياز ئەسمىتۇللا**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بۇقا موزايلاپتۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا سالى ئىسىملىك بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ موزايلىق بىر ئىنىكى بار ئىكەن. بىر كۈنى سالى ئىنەكنى موزىيى بىلەن بىللە ئۆستەڭ بويىغا سۇغارغىلى ئاچىقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ يۇرتتىكى نامان دېگەن كىشىمۇ بۇقىسىنى سۇغارغىلى ئۆستەڭ بويىغا چىقىپتۇ. ئۇلار قايتار چېغىدا سالىنىڭ موزىيى نامانىنىڭ بۇقىسىغا ئەگىشىپ كېتىپ قاپتۇ. سالى ئىنەكنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، نامانىنىڭ ئۆيىگە موزاينى ئالغىلى بېرىپتۇ. بىراق، نامان:

— بۇ موزاي مېنىڭكى، مېنىڭ بۇقام موزايلايدىغان خاسىيەتلىك بۇقا. بۇ موزايغا ھەرقانداق كىشىنىڭ چىشى پاتمايدۇ، — دەپ مۇتتەھەملىك قىلىپ موزاينى بەرمەپتۇ. ئىككىسى موزاينى تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ. ئاخىرى جېدەل چوڭىيىپ ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. نامان قولياغلىقىغا ھېلىقى موزاينىڭ تېزىكىدىن ئازراق ئېلىپ قويۇنىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىپتۇ. قازى ئۇلارغا قاراپ خۇشياقمىغان ھالدا:

— ھە، نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاچچىقى كېلىپ ئارانلا تۇرغان سالى ئاۋۋال سۆزلەپ:

— ھۆرمەتلىك قازى ئاخۇنۇم، مېنىڭ بىر موزايلىق ئىنىكىم بار ئىدى، ئۇنى تۇنۇگۇن ئۆستەڭ بويىغا سۇغارغىلى ئاچىققانىدىم، قايتار چاغدا موزىيىم بۇ نامانىنىڭ بۇقىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭكىگە كىرىپ كەتتى. موزاينى ئەكەلگىلى بارسام، نامان: «بۇ مېنىڭ موزىيىم، بۇ موزاينى مېنىڭ بۇقام تۇغقان!» دەپ تەتۈرلۈك قىلىپ بەرمەيۋاتىدۇ، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ مۇتتەھەملىك بولامدۇ؟ بۇقىمۇ تۇغامدۇ؟ ئۆزلىرىنى بۇ دەۋانى ھەق سوراپ قويامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئالدىلىرىغا كەلدۇق، — دەپتۇ.

سالىنىڭ گېپى تۈگىشىگە، نامان بىر قەدەم ئالدىغا ئۆتۈپ:

— قارىمامىلا، قازى، بۇ ئىپلاسلىقنى، ماۋۇ قارا يۈز بەندە مېنىڭ ئېغىلىمدىكى موزاينى مېنىڭ دەپ ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ كىشىنى قاراپ تۇرۇپ بۇزەك قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ سىلىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىلا، بۇقا دېگەنمۇ بەزىدە موزايلايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ موزاي مېنىڭ، بۇنىڭدا شەك يوق، بۇ دەۋانى ئوبدانراق سوراپ قويسىلا، — دەپتۇ. نامان سۆزلەۋېتىپ موزاينىڭ تېزىكى چىگىلگەن قولياغلىقنى قوينىدىن ئاستا چىقىرىپ قازىغا شەرەت قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قازى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كىتابقا قاراپ باقاي، كىتابتا نېمە يېزىلغان بولسا شۇ بويىچە سورايمەن، — دەپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. قازىنىڭ تويماس كۆزى نامانىنىڭ قوينىدىكى قولياغلىققا چۈشكەنىكەن. شۇڭا ئۇ: «قولياغلىقتا تىللا بار» دەپ ئويلاپ، نامان تەرەپتە تۇرۇپ

تىللالارنى قولغا چۇشۇرۇش كويىدا بوپتۇ. قازى ئانچە ھايال ئۆتمەي ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ گېلىنى قىسىپ تۇرۇپ سالىغا:

— مەن بۇرۇن بىلمەپتىكەنمەن، كىتابتا يېزىلىپتۇ، بۇقىمۇ بەزىدە موزايلايدىكەن. بۇ كىشىنىڭ بۇقىسىنىڭ موزايلىغانلىقى راست، موزايدا سىنىڭ ھەققىڭ يوق. ماڭ، بېرىپ ئىشىڭنى قىل! بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق مۇتتەھەملىك قىلساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! — دەپتۇ.

سالى سۆز قايتۇرۇشقا جۇرئەت قىلالماي گەدىنىنى قاشلاپ، ئىككى كۆزىنى ياشلاپ، ھەسرەتلىك تىنىپ ئاستا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇقا ئىگىسى نامانمۇ خوشال بولۇپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن تالاغا مېڭىپتۇ، قازىغا قوينىدىكى قولياغلىقنى بەرمەپتۇ. قازى ھاپىلا- شاپىلا كىچىك ئوغلىغا:

— ئاۋۇ ئىگىز كىشىدە بىر قولياغلىق بار، «دادام بەرسۇن!» دېدى دەپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

قازىنىڭ ئوغلى بېرىپ نامانغا دادىسىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. نامان قولياغلىقنى قازىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قاپتۇ. قازى قولياغلىقنى ئېلىپ شۇنداق ئاچقانىكەن، قېتىپ قالغان موزاي تېزىكى چېچىلىپ يەرگە چۇشۇپتۇ. قازىنىڭ چىرايى تاتىرىپ بۇتتەكلا قېتىپ قاپتۇ.

نامان ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ قازىنىڭ پارىخورلۇقىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۇنى بىر ئەدەپلەپ قويۇش ئۇچۇن موزاينى «مېنىڭ» دەپ دەۋاغا بارغانىكەن. نامان شۇ كۇنى قازىخانىدىن قايتىپ كەلگەندىن

كېيىن موزاينى سالىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئەل ـ جامائەتكە بۇ قىزنىقارلىق ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قازى شۇ قېتىمقى سوراقتىن كېيىن يۇرت ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر قازىنى كۆرگەنلا يەردە مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بۇقا موزايلاپتۇ» دېگەن سۆز قازى بىلەن نامان ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئەل ئىچىگە تاراپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر ئايدىڭكۆل يېزىسىدىن
**ھۇسەن نەبى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال

بۇرۇنقى زاماندا ھەلىم ئىسىملىك بىر دېھقان ئۆتكەندىكەن. ئۇنىڭ ھال - كۈنى خېلى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن بالىسى يوق ئىكەن. ھەلىم ئولتۇرسا - قوپسا بالا تىلىگىدە يۈرۈپ، يېشى ئاتمىشقا بارغاندا بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ. ھەلىم ئەر - ئايال خۇشاللىقىدا يالغۇز ئوغلىنى ئۆزى يېمەي - يېگۈزۈپ، كىيمەي - كىيگۈزۈپ دېگۈدەك چوڭ قىپتۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئوغلىنى ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدۇرماي قويمايدىغان قىلىپ كۆندۈرۈپ قويۇپتۇ. ھەلىمنىڭ ئوغلى كىيىنچە كاۋاپ يېيىشكە كۆنۈپ قاپتۇ، كاۋاپ يېمىسە كۆنلەپ - كۆنلەپ تاماق يېمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. ھەلىم ئامالسىز يەنىلا ئۇنىڭ رايىغا بېقىپتۇ. ھەر كۈنى ئوغلىغا كاۋاپ ئېلىپ بېرىپ ھەلىمنىڭ يىغىپ قويغان ئازغىنا پۇلىمۇ توگەپ تۇرمۇشتا قىيىنلىشقا باشلاپتۇ.

ھەلىمنىڭ يانچۇقىدا پۇچۇق يارماقمۇ قالمىغان بىر كۈنى ئوغلى كاۋاپنىڭ جېدىلىنى يەنە قىلىپ:

— ئاتا، كاۋاپ يېگۈم كەلدى، — دەپتۇ.

ھەلىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئوغلۇم، چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ھەر كۈنى كاۋاپ يەۋەرسەڭ بىزنى قۇرۇتىسەن، ھېلىمۇ بىزنىڭ تىرىكچىلىك قىلمىغىمىز ئانچە ئاسان ئەمەس، ئەمدى كاۋاپ دەپ

مېنى قىستىما! — دەپتۇ، لېكىن ئوغلى قەغىشلىك قىلىپ يەنىلا ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپتۇ.

ھەلىم: «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا، بۇ بالىمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئالدىرىماي ئوگىشىلىپ قالار» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ بىر ئامالىلار بىلەن يەنە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق، كاۋاپخۇمار ئوغۇلنىڭ جېـ- دىلى بېسىقماپتۇ، ھەلىم تۇرمۇشتا بارغانچە قىيىنلىشقا باشلاپتۇ. بۇ بېسىمغا چىدىمىغان ھەلىم ئاخىر بىر دانىشمەنـ- نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوغلىغا كاۋاپ يېمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— سىز كاۋاپ يەمتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ دانىشمەن.

— ئانچە - مۇنچە يەيتتىم، —دەپتۇ ھەلىم.

— ئانىسىچۇ؟

— ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش.

دانىشمەن سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— سىز ھازىر قايتىپ تۇرۇڭ، مەن ئون كۈندىن كېيىن ئۆيۈڭىزگە بارىمەن، — دەپتۇ.

ھەلىم دانىشمەننىڭ شۇ كۈنلا بېرىپ ئوغلىغا تەربىيە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرۇپتۇ. دانىشمەن:

— بۈگۈن بارسام پايدىسىز، تەخىر قىلىڭ، — دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ.

ھەلىم ئۆيىگە قايتىپ ئون كۈننى تاقەتسىزلىك بىلەن ساناپ ئۆتكۈزۈپتۇ. دانىشمەن دېگەن قەرەلىدە ھەلىمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە بۇ ئۆينىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىپ- تۇ. دانىشمەن ھەلىم بىلەن خېلى ئۇزاق مۇڭدىشىپ قايتار چېغىدا:

— قېنى، ئوغلۇم، بۇ ياققا كەل، — دەپ كاۋاپچۇمار ئوغۇلنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ، — ئۆيۈڭلەردە نېمە-لەر بار، بىلەمسەن؟

— تۆت تام، بىز ياتىدىغان تۆشەك.

— توغرا ئېيتتىڭ، — دەپتۇ دانىشمەن بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئائىلىسىنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ، نەپسىنى يى-غىش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتى، ئاتا-ئانىسىنى قەدىرلەش، ئاتا-ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنىڭ شاپائىتى توغرىسىدا كۆپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، دانىشمەن بازارغا كېتىۋې-تىپ ھەلىمنى يوقلاپ ئۆتۈپتۇ.

— ئوغلىڭىز يەنە كاۋاپ يەيمەن، دەپ جېدەل قىلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دانىشمەن ھەلىمدىن.

— ياق، سىلى تەلىم بەرگەندىن كېيىن ئۇنداق قىلماس بولدى، — دەپتۇ ھەلىم خۇشال ھالدا مىننەتدارلىقىنى بىل-دۈرۈپ. دانىشمەن مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويۇپ قايت-ماقچى بولغاندا، ھەلىم ئۇنىڭدىن:

— مەن سىلىنى ئالغىلى بارغاندا، «ئون كۈندىن كې-يىن بارىمەن» دەپ شۇ كۈنى كېلىشكە ئۇنىمىغان ئىدىلە، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەنمۇ كاۋاپ يەيتتىم، — دەپتۇ دانىشمەن، — ئون كۈن ئىچىدە كاۋاپ يېيىشنى تاشلىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمدە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ ئۆيىڭىزگە كەلدىم، ئوغ-لىڭىزغا نەسىھەت قىلدىم، ئۇ گەپ ئاڭلىدى. ئۆزۈم قىلال-مىغان ئىشنى باشقىلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلسام توغرا بول-



www.uyghurkitap.com

ـمايدۇ، شۇڭا ئالدى بىلەن ئۆزۈم تەلىم ئېلىپ، ئاندىن باشقىلارغا تەلىم بېرىشىم كېرەك.

ھەلىم دانىشمەننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ، كېيىن بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپ: «تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال» دېگەن ماقال بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر چاتقال يېزىسىدىن
بەكرى سىدىق

www.uyghurkitap.com

# نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى سابىت ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سادىل ۋە ئېزىز دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ بىلىملىك ئادەم بولۇشىنى، كېيىنكى كۈنلەردە باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماي ياشىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارنى مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. سادىل ئاتىسىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقماي، دائىم مەدرىسىدىن قېچىپ ياخشى ئوقۇماپتۇ، سابىت ھەرقانچە تەربىيە قىلىپمۇ ئۇنى ئوقۇشقا كۆندۈرەلمەپتۇ. ئېزىز بولسا ئاتىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئېزىز تېخى مەدرىسىنى پۈتتۈرمەيلا سابىت كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ. سابىت كېسىلىنىڭ ساقايمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بارلىق مال ـ دۇنياسىنى سېتىپ ئورنىغا چوڭ بىر پارچە كېسەك ئالتۇن ئاپتۇ. سابىتنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام مۇشۇ ئالتۇنلارنى تەڭ بۆلۈشۈپ كۈنىڭلارنى ئېلىڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ ۋە ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ مەڭگۈگە كۆز يۇمۇپتۇ.

سادىل بىلەن ئېزىز ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن

بىر يىلغىچە بىر گە ياشاپتۇ. سادىل ئويۇن - تاماشىدىن قول ئۈزمەپتۇ، ئىزىز ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر كۈنى سادىل ئىنىسىغا:

— ئۇكام، مەن بۇ كىسەك ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ تەپمۇتەك ئىككىگە بۆلۈپ كىلىپ ئاتامنىڭ ۋەسىيتىد-نى ئادا قىلاي، — دەپتۇ. ئىزىز ئاكىسىغا ئىشىنىپ ماقول بوپتۇ. سادىل ئالتۇننى ئىلىپ شۇ چىقىپ كەتكەن پىتى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئەسلى سادىل ئالتۇننى ئەپقىچىپ كەتكەنىكەن.

ئاتىسى ۋە ئاكىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىزىز ناھايىتى قايغۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن كىيىن نىمە قىلىشىنى، قانداق تۇر-مۇش كەچۈرۈشىنى بىلمەي خىلى كۈنلەرگىچە باش قاتۇرۇپ-تۇ. ئاخىر ئۇ باشقىلارغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپ جىنىنى بىقىپتۇ. ئىزىز كۈندۈزى ئىشلىسە، كىچىسى جىنچىراغ ئالدىدا ئولتۇرۇپ دادىسىدىن قالغان قەلەم بىلەن خۇش خەت، ھۆسنخەت يىزىپ يالغۇزلۇقىنى بىسىپتۇ، ئۇ نۇرغۇن كىتاب ۋە ھىكمەتلىك سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يىزىپتۇ. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، ئىزىز شۇنداق ئۇستا خەتتات بولۇپ يىتىشىپتۇكى، ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىلەر ئۇنى «قەغەزگە خەت ئەمەس، گۈل تىزىپتۇ» دىيىد-شىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئىزىز شەھەرگە كىرىپ رەستىلەرنى ئايلىنىپ يۈرسە خانلىق مەيداندىن ناغرا - سۇنايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئەسلى ئوردىنىڭ جاكارچىلىرى چىلىۋاتقان ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئىكەن. كىشىلەر ئۇ يەرگە توپلىنىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر كۆپەيگەندىن كىيىن جاكارچىلار

ناغرا ـ سۇناي چېلىشنى توختىتىپ:

— ئەي خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئوردا بىتانغا پۈتۈكچى قىلماقچى، ئىختىيار قىلغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن! پۈتۈكچىنى پادىشاھ ئۆزى سىناپ قوبۇل قىلىدۇ — دەپ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپتۇ.

ئىزىز بىرقانچە كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇلار ئوردىغا بارغاندىن كېيىن پادىشاھ نەق مەيداندا ئۇلارنىڭ ماھارىتى ۋە بىلىمىنى سىناپتۇ. ئىزىز ئاتىسىدىن قالغان قەلەم بىلەن پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئىزىزنى ئوردا باش پۈتۈكچىسى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىزىز كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىزىز شەھەر بازىرىنى تاماشا قىلىپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، بىر ياش يىگىتنىڭ ساپايى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ:

دادامدىنمۇ ئايرىلدىم،
ئۇكامدىنمۇ ئايرىلدىم.
مۇساپىرمەن بۇ يۇرتقا،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.

تىلەمچىنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالىسىدىن ئىزىزنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، ئۇنىڭغا بىر تىللا سەدىقە بېرىپتۇ. تىلەمچى تەشەككۈر ئېيتىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئىزىز ئۇنى تونۇپ قاپتۇ. بۇ تىلەمچى ئەسلى ئىزىزنىڭ ئاكىسى سادىل ئىكەن. ئەمما، سادىل كاتتا كىيىنىپ سالاپەت بىلەن تۇرغان

ئۇكىسىنى تونۇماپتۇ. ئېرىنىز ئاكىسىنىڭ تۇرار جايىنى سو-
رىۋاپتۇ ۋە شۇ كۈنى كەچتە ئۇ يەرگە بېرىپ تونۇشلۇق
بېرىپتۇ. سادىل ئىنىسى ئېزىزىنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتىن
يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپتۇ. ئۇلار ئىككىسى ئۇزاق ئەھ-
ۋاللىشىپتۇ. سادىل ئېزىزنى ئالداپ ئۆيدىن چىققاندىن كې-
يىن ئۇدۇل شەھەرگە كەلگەنىكەن. ئۇ شەھەرگە كېلىپ بىر
مەزگىل تەييار ئالتۇننى خىراجەت قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ۋاقىت
ئۇزارغىنىچە ئالتۇننىڭ ئاز قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قانداق
قىلىشنى بىلمەي يۈرگەندە بىر قىمارۋاز بىلەن تونۇشۇپ
قاپتۇ. قىمارۋاز ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قىمار ئويناشقا
دەۋەت قىپتۇ. نادان سادىل ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا قىمار
ئويناشقا كىرىشىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ھەممە ئالتۇنلىرىنى
قىماردا ئۇتتۇرۇپ تۈگىتىپ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ
قاپتۇ. سادىل ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ ئاخىرى
ھەسرەتلىنىپ:

— مەن كىچىكىمدىن ياخشى ئوقۇماي نادانلىق قىلىپ
ئاتامدىن قالغان ئالتۇننىمۇ تۈگەتتىم، خار بولۇپ مۇشۇ
كۈنگە قالدىم. سەن بىلىمىڭگە تايىنىپ ياخشى تۇرمۇشقا
ئېرىشىپسەن، بىلىم تۈگىمەس بايلىق ئىكەن، نادانلىقنىڭ
ئاقىۋىتى گادايلىق ئىكەن، بۇنى مەن ئەمدى بىلدىم، —
دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە
ھەمدەم بولۇپ ئۆتۈپتۇ. سادىل ئىنىسىدىن كۆپ بىلىم -
ھېكمەت ئۆگىنىپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ھەر ئىككىسى ئۆيلۈك-
ئوچاقلىق بولۇپ باللىق بوپتۇ. سادىل ئۆزىنىڭ كەچۈر-
مىشلىرىنى باللىرىغا سۆزلەپ بېرىپ:

— نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. سادىلىنىڭ كەچۈرمىشى بالىلىرى ئارقىلىق كەلگۈچىگە تاراپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق» دېگەن ماقال سادىلىنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر چاتقال يېزىسىدىن
بەكرى سىدىق

www.uyghurkitap.com

# ئۆزىنى مەنمەن دېگەن باي

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بىر بېخىل باي ئۆتكەن بولۇپ، مال ـ دۇنياسى كۆپ، ئات، كالا، تۆگە، قېچىر قاتارلىق ئۇلاغلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەن. لېكىن، باي ھەر قېتىم تۇگمەنگە ئۇن تارتىشقا بارماقچى بولسا ئۆزىنىڭ ئۇلاغلىرىنى ئىشلىتىشكە كۆزى قىيماي بازاردىن ئېشەك سېتىۋېلىپ ئىشلىتىدىكەن، باي تۇگمەندىن قايتىپ كېلىپلا ئېشەكتىن ئەيىب تېپىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ پۇلىنى ياندۇ-رۇۋالىدىكەن. شۇڭا باي ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن تولىمۇ پە-خىرلىنىپ، ئۆزىنى ئەقىللىق ساناپ يۈرىدىكەن. بۇ ئىش شۇ تەرىقىدە كۆپ تەكرارلانغاچقا، ئۇلاغ بازىرىدىكى بېدىك-لەرنىڭ ھەممىسى بايدىن بىزار بوپتۇ.

بىر كۈنى باي يەنە ئېشەك ئالماقچى بولۇپ ئۇلاغ بازىرى-غا كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن بېدىكلەرنىڭ ئاقساقىلى كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ ـ دە، قېرىپ كاردىن چىققان بىر ئېشەكنى ساتقىلى كىرگەن سۆزمەن، قىزىقچى بىر يىگىت-نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇ ئاقساقال باي-نىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— باي ئاكا، بۈگۈن بازارغا چۆرگىلەپ كېلىپ قاپتى-لىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېشەك ئالايمىكىن دېگەنىدىم، سودا قىلىشىپ بەر-

www.uyghurkitap.com

سەنىڭ قانداق؟ — دەپتۇ باي.

— سىلى هازىرغىچە ئالغان ئىشەكلەرنىڭ بىرىنى ئونداقكەن، بىرىنى بۇنداقكەن دەپ ساتقان ئادەمنىمۇ، بىرىنىمۇ ئاۋارە قىلىپ ھالىمىزنى قويمىدىلا، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىلىنىڭ سودىلىرىغا ھەرگىز ئارىلاشمايمەن، — دەپتۇ ئاقساقال.

باي گىدىيىپ تۇرۇپ:

— سەنمۇ مېنى ئىشەكنىڭ ياخشى تەرىپىنىلا سۆزلەپ، ئەيىبىنى يوشۇرىدىغان ئادەملەرنىڭلا ئالدىغا باشلاپ ئاپىرىدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ بۇ نۆۋەت سەن ئىشەكنىڭ ھەم ياخشى تەرىپىنى، ھەم ئەيىبىنى ئېيتىدىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارالامسەن، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، مەن سىلىنى ئىشەكنىڭ ھەممە ئەيىبىنى ئوچۇق سۆزلەپ تۇرۇپ ساتىدىغان بىرىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي، لېكىن ئىشەكنىڭ ئەيىبىنى ئاڭلاپ ئالماي قالسىلا بولمايدۇ جۇمۇ، — دەپتۇ ئاقساقال ۋە باينى ھېلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

باي ئىشەكنى مۇنداقلا كۆرۈپ قويغاندىن كېيىن يىگىتكە قاراپ:

— ئۇكام، بۇ ئىشىكىڭ قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئىشەك ناھايىتى ئوبدان بىر ئىشەكنىڭ بالىسى، يېشى ئانچە چوڭمۇ ئەمەس، ئوتتۇز ئىشەكنىڭ دادىسى، بۇ ئىشەك پاختىغا ئامراق، تاختا بىلەن خۇشى يوق. سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئىچىدۇ، ئوتنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ، تۆۋى بىلەن خۇشى يوق. ئېغىر - بېسىق، ئالدىراقسان ئەمەس. ئالدى پۇتى ئاستا، كەينى پۇتى مايماق، — دەپتۇ يىگىت.

باي يىگىتنىڭ گېپىگە ئانچە دىققەت قىلماي: «بەرىبىر سەن كالۋاغا قايتۇرۇپ بېرىمەنغۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:
— قېنى، يىگىت، گەپنى تولا قىلمايلى، باھاسىنى سۆزلىشەيلى، مەنمۇ ئۆز ئىشىمغا ئالدىرايمەن، — دەپتۇ.
يىگىت ئېشەككە خېلى يۇقىرى باھا قويۇپتۇ، باي باھا-دىمۇ كۆپ تالاشماي توقسان تەڭگىگە سودىنى پۈتتۈرۈپتۇ.
ئەتىسى باي ئېشەككە ئۆگۈتنى ئارتىپ تۈگمەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. لېكىن، ئېشەك ئىككى قەدەم ئالدىغا ماڭسا، ئۈچ قەدەم كەينىگە داجىپ يولنى پەقەتلا ئاۋۇتماپتۇ. باي ئېشەكنىڭ بۇ قىلىقىغا خاپا بولۇپ ئېشەكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ساغرىسىغا تەپمەكچى بولغانىكەن، بايدىن بۇرۇن ئېشەك باي-نى بىر تېپىپ ئولتۇرغۇزۇۋېتىپتۇ. باينىڭ تېخىمۇ ئوغى-سى قايناپ ئېشەكنى تىللاپ ـ ئۇرۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ئېشەك ساغرىسىنى تولغاپ قويۇپ پەرۋامۇ قىلماي يەنىلا قاشاڭلىق بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ. باي ئېشەكنى ئېرىق بويىدا سۇغارسا سۇ ئىچمەپتۇ، قوناق بەرسە يېمەپتۇ، توپىلىق يەر-گە بارغاندا ئېغىناپ يېتىۋاپتۇ، كۆۋرۈكتىن ئۆتمەكچى بول-غاندا ئېشەك ئۇركۇپ ئۈستىدىكى ئۆگۈتنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئەنە شۇنداق قىلىپ، باي يېرىم كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ تۈگمەنگە ئاران يېتىپ بېرىپتۇ، قايتىپ كەلگىچىمۇ ئىنتايىن جاپا تارتىپتۇ.
باي تۈگمەندىن كېلىپلا ئېشەكنى ھېلىقى يىگىتنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ:
— سەن مېنى ئالداپسەن، بۇنداقمۇ ئوسال ئېشەك بولامدۇ؟ مەن ئېشەكنى قايتۇرۇۋېتىمەن، — دەپ ئاچچىق-لاپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.

— مەن سىلىنى نېمە دەپ ئالداپتىمەن؟ نېمە دەپ ئې-
شەكنى قايتۇرۇپ بېرىلا؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ يىگىت.
— سەن ماڭا بۇ قاشاڭ ھەم قېرى قوتۇر ئېشىكىنى
داڭلاپ سېتىپسەن، — دەپتۇ باي ۋە ئېشەكنىڭ يولدا قىلغان
ئەسكىلىكلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— مەن سىلىگە بۇ ئېشەكنىڭ ھەممە ئەيىبىنى تولۇق
دېگەن، قايتۇرمايمەن! — دەپ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋېتىپتۇ
يىگىت.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىپ، بىر-
بىرىنى قايىل قىلالماي، شۇ كۈنى ئۇلارنى كېلىشتۇرۇپ
قويغان ھېلىقى بېدىكلەر ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ
ئاقساقال بۇ جېدەلنىڭ باش - ئاخىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ
تۇرۇپ بايغا:
— بۇ يىگىت بۇ ئېشەكنىڭ ھەممە ئەيىبىنى تولۇق
دېگەن، سىلىمۇ تولۇق ئاڭلىغان، ئېشەكنىڭ شۇ ئەيىبلىرى-
نى بىلىپ تۇرۇپ ئالغانسىلە ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. باي يەنە
كۆكەرمىلىك قىلىپ:
— ئۇ ئېشەكنىڭ مەن بايام دەپ بەرگەن ئەيىبلىرىنىڭ
بىرىنىمۇ دېمەي ئېشەكنى ماختىدى، — دەپتۇ.
— بۇ يىگىت ئېشىكىنى ماختىمىدى، — دەپتۇ ئاقساقال
يىگىتنىڭ گېپىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، — ئېشىكىم
ئوبدان ئېشەكنىڭ بالىسى دېگىنى — بۇ ئېشەك ئېشەكنىڭ
بالىسى دېگىنى؛ ئوتتۇز ئېشەكنىڭ دادىسى دېگىنى ئوتتۇز
ياشقا كىردى دېگىنى؛ پاختىغا ئامراق دېگىنى يۇمشاق يەر
تاپسا ئېغىنايدۇ دېگىنى؛ تاختا بىلەن خۇشى يوق دېگىنى
كۆۋرۈكتىن ئۆتكىلى ئۇنىمايدۇ دېگىنى؛ سۇنىڭ سۆزۈكىنى

ئىچىدۇ دېگىنى ئېرىقتىكى لاي سۇنى ئىچمەيدۇ دېگىنى؛ ئۇتنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ دېگىنى ئاغزىدا چىشى يوق دېگىنى؛ ئېغىر - بېسىق، ئالدىراقسان ئەمەس، ئالدى پۇتى ئاستا، كەينى پۇتى مايماق دېگىنى قاشاڭ ماڭىدۇ، كەينىگە ئۆتسەڭ تېپىدۇ دېگىنى ئەمەسمۇ؟

ئەزەلدىن ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاپ كەلگەن باي بېدىك- لەر ئاقساقىلى بىلەن يىگىتنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ ئىش ئۇلاغ بازىرىدىكى كىشى- لەرنىڭ ئاغىدىن ئەل ئىچىگە تارايتۇ. دانالار باينىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ: «ئۆزىنى مەنمەن دېگەن باي، ئاخىرىدا خام چۆپ يېگەن باي» دېيىشىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئۆزىنى مەنمەن دېگەن باي، ئاخىرىدا خام چۆپ يېگەن باي» دېگەن ماقال ئاشۇ ئىشتىن ئىبرەت بولۇپ قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
يوپۇرغا ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىدىن

**ئوبۇل مەھمۇد**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# ۋاپاغا جاپا بارمۇ، ئىزدىسەڭ تېپىلار

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلار ۋە دەل ـ دەرەخلەر ئادەمدەك سۆزلەيدىغان بىر زامان بولغانىكەن. ئاشۇ زاماندا چەت سەھرادا ساددا ھەم مۇلايىم، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ئامراق ئابىد ئىسىملىك دېھقان ئۆتكەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابىد ئۆزىنىڭ شەھەردىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، تۆگىسىگە يەم ـ خەشەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئوبدان ئارتىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئابىدنىڭ ئۆتەر يولىدا بىر ئۆتەڭ بولۇپ، كارۋانلار شۇ ئۆتەڭدە قونۇپ ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. ئابىد شۇ ئۆتەڭگە بېرىپ شەھەرگە كىرىدىغان بىرنەچچە ھەمراھ تېپىپ بىللە سەپەر قىلىشنى ئويلاپتۇ. ئابىد بۇ ئۆتەڭگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەرگە ئوت كەتكەن بولۇپ، كۆيۈپ تۈگەيلا دەپ قالغانىكەن. ئابىد ئۆتەڭنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ بىرەر ئادەم دىدارىنى كۆرمىگەندىن كېيىن يولىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. ئۇ مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا بىر كۇشۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئابىد ئاۋاز چىققان يەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر يىلان تېخىچە كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاپسىلىپ قېلىپ نىمجان بولۇپ قالغانىكەن. ئابىد: «بۇمۇ خۇدانىڭ جانىۋىرى، يىرتقۇچ ھايۋان بولسىمۇ خۇدا ياراتقان ئەمەسمۇ؟ مەن

مۇشۇ جانىۋارنى قۇتقۇزۇپ بىر ساۋابلىق ئىش قىلسام سەپىرىم ئاقيوللۇق بولسا ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ - دە، يىلاننى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ. ئابىد تۆگىدىن چۈشۈپ ئۇزۇن تاياقتىن بىرنى ئاپتۇ ۋە ياغاچنىڭ ئۇچىغا تۆگىگە يەم بېرىدىغان تۇۋرىنى بېكىتىپتۇ، ئاندىن ئۆزى تۆگىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۆرە تۇرۇپ، تاياقنى ئوتنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ يىلان تۇرغان يەرگە سۇنۇپتۇ. ھې-لىقى يىلان بىر ئېتىلىپلا تۇۋرىنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋاپتۇ، ئابىد ئۇنى ئېلىپ يەرگە قويغانىكەن، تۇۋرا ئىچىدىن چىققان يىلان بىرئاز جىم ياتقاندىن كېيىن يۇمىلاپلا ناھايىتى يوغى-ناپ كېتىپتۇ.

— ھەي ئادەمزات، ھازىر مېنىڭ قورسىقىم بەك ئې-چىپ كەتتى، ئەمدى مەن سېنى يەيمەن! — دەپتۇ يىلان.

يىلاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئابىد قورقۇپ كېتىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي:

— ھەي، مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويسام سەن تېخى بۇنىڭغا خۇش بولۇپ ماڭا رەھمەت ئېيتماقتا يوق، مېنى يەمسەن؟ بۇ ۋاپاغا جاپا قىلغىنىڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەي ئادەمزات، بىز ھايۋانلار ئىچىدە ۋاپاغا جاپا يوق، لېكىن ئادەملەر ئىچىدە ۋاپاغا جاپا بار، — دەپتۇ يىلان.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۈچ ئىسپات تېپىپ مېنى قايىل قىلىپ يېسەڭ مەن رازى بولىمەن، — دەپتۇ ئابىد.

ئاخىر ئۇلار ئىسپات تېپىش ئۈچۈن بىرلىكتە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ ناھايىتى

مول مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر ئوتلاققا كەلگەندە بىر كالىنى ئۇچرىتىپتۇ. بۇ كالا سېمىزلىكىدىن تېرىسىگە پاتماي پۇلۇ-راپ كەتكەنىكەن. ئابىد بىلەن يىلان كالىدىن سوغا سو-راشنى پۈتۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

— ئامان قىلسۇن سېنى خۇدا، ئۇزۇن ياشا، مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلا! — دەپتۇ ئابىد كالىغا.

— نېمە گەپ - سۆزۈڭ بار؟ — دەپتۇ كالا.

— مەن بىر مۆمىن بەندە، بۈگۈن بۇ يىلاننى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ چىقسام، ئۇ ئەسلىگە كېلىپلا: «سېنى يەيمەن» دەيدۇ، مەن: «بۇ قىلغىنىڭ ۋاپاغا جاپا ئەمەسمۇ؟» دېسەم، بۇ يىلان: «هايۋانلار ئىچىدە ۋاپاغا جاپا يوق، لېكىن ئادەم-لەر ئىچىدە ۋاپاغا جاپا بار» دەيدۇ. ئامالسىزلىقتىن مەن بۇنىڭغا: «ئۈچ ئىسپات تاپ، ئەگەر تاپالىساڭ ئاندىن يېگىن» دېدىم. ئادەملەردە راستىن ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئابىد.

كالا سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— بار، مەن بىر ئىنەك، مېنى ياش ۋاقتىمدا بىر ئادەم سېتىۋالغانىدى، ئۇ مېنى ئۆيىگە ئاپىرىپ چالا تويدۇرۇپ، سۈتۈمنى سېغىپ ئىچتى، ئىچىپ بولالمىغىنىنى ئاچىقىپ ساتتى، بىرنەچچە بالا تۇغسام ئۆلتۈرۈپ يېدى. ئەمدى مەن قېرىۋېدىم، سەمرىتسۇن دەپ بۇ ئوتلاققا ئەكېلىپ قويدى. مەن بۇ يەردە ياخشى ئوت - چۆپلەرنى تويغۇچە يەپ سەمرىۋې-دىم، ئىگەم تۈنۈگۈن بازاردىن بىر قاسساپنى ئەكېلىپ مېنى نورغۇن پۇلغا ساتتى. ئەتە قاسساپ كېلىپ مېنى ئەكىتىپ تېرەمنى تەتۈر سويۇپ، گۆشۈمنى كانارغا ئاسىدۇ. مانا مۇشۇ ۋاپاغا جاپا بولماي نېمە؟ — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئابىد كالىنىڭ ئېيتقانلىرىغا بىرنەرسە دېيەلمەپتۇ.
چۈنكى كالىنىڭ سۆزىدىن ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا جاپا قىلىـ
غانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچى ئىسپاتنى
ئىزدەش ئۈچۈن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە
خېلى كۆپ يول بېسىپتۇ. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئابىدنىڭ
تىلى قۇرۇپ، يىلاننىڭ تىلى ساڭگىلاپتۇ. ئۇلار بىر تاغ
باغرىغا كەلگەندە يىراقتىن بىر توپ چىنارنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار
شۇ چىناردىن سوراشنى پۈتۈشۈپ شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. بۇ
شۇنداق ھەيۋەت چىنار بولۇپ، قىرىق غۇلاچ يەرگە سايە
تاشلاپ تۇرىدىكەن. چىنارنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق، بۇلاقنىڭ
يېنىدا بىر سۇپا بار ئىكەن. ئۇلار ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغان-
دىن كېيىن، ئابىد چىناردىن:
— ئەي خۇدانىڭ ئۆسۈملۈكى، مەن بىر مۆمىن بەندە-
مەن، مەن بۇ يىلاننى قۇتقۇزۇۋالغان. ئەمما بۇ يىلان مېنى
يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ، سەن بىزنىڭ سوئالىمىزغا جاۋاب بەر-
سەڭ، — دەپ يىلان بىلەن بولغان ئىشنى بايان قىلىپتۇ.
چىنار ئابىدنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:
— بۇ گەپ توغرا، مەن بىر يوغان چىنار، شاخلىرىم
ناھايىتى ئۇزۇن يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىن
ئۆتكەن ئادەملەر مېنىڭ سايەمگە كېلىپ سايىداپ، بۇلاقتىن
قانغۇچە سۇنى ئىچىپ، مۇشۇ سۇپىغا چىقىپ ئارام ئالىدۇ.
ئاندىن مېنىڭ شاخلىرىمغا قاراپ: «ئاۋۇ شېخى پالتىنىڭ
سېپى بولغۇدەك، ماۋۇ شېخى كەكىگە، ئاۋۇ شېخى قۇشقۇن-
غا، ماۋۇ شېخى بويۇنتۇرۇققا بولىدىكەن ...» دېيىشىپ
ئۈستۈمگە يامىشىپ چىقىپ پالتا، كەكىلىرى بىلەن يۇز-
كۆزۈمنى چاناپ مېنى ئېغىر يارىلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئالدىغىنى-

www.uyghurkitap.com

نى ئېلىپ بولۇپ كېتىدۇ. مانا، مۇشۇ ۋاپاغا جاپا بولماي نېمە؟ — دەپتۇ.

ئابىد چىنارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يەنە ھېچنېمە دېيەل- مەپتۇ. ئۇلار ئۇچىنچى ئىسپاتنى تېپىش ئۈچۈن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن يول مېڭىپ بىر ئور- مانلىققا كەلگەندە، بىر تۈلكە ئويناقلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ. ئابىد تۈلكىنىڭ يولىنى توسۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تۈلكىجان، سەپىرىڭ ئاقىول بولسۇن، ئامەت ساڭا يار بولسۇن، مېنىڭ سەندىن سورايدى- غان بىر سوئالىم بار، — دەپ يىلان بىلەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۇ تۈلكە ئادەملەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ باقمىغان- كەن، شۇڭا ئابىدكە ئىچى ئاغرىپ:

— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، بۇ بىر يوغان يىلان تۇرسا، سىنىڭ ئۇ كىچىك خالتاڭغا قانداق پاتىدۇ؟ — دەپتۇ. بۇ چاغدا يىلان:

— ئەي تۈلكە، مەن بۇنىڭ خالتىسىغا پاتىمەن، ھازىر- مۇ پاتىمەن، — دەپتۇ - دە، ئاستا - ئاستا كىچىكلەپ توۋرىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. تۈلكە شۇ ھامان:

— ئەي ئادەم، خالتاڭنىڭ ئاغزىنى تېز ئەت! قولۇڭدىكى كالتەك بىلەن راسا ئۇر! — دەپتۇ.

ئابىد تۈلكىنىڭ دېگىنى بويىچە توۋرىنىڭ ئاغزىنى ئې- تىپ، قولىدىكى كالتەك بىلەن يىلاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. يىلان ئۆلگەندىن كېيىن ئابىد خاتىرجەم بولۇپ تۈلكىگە قاراپتۇ. تۈلكىنىڭ پارقىراپ تۇرغان تۈكلىرىگە كۆزى چۈ- شۈپ: «بۇ تۈلكىنىڭ تېرىسى جۇۋىغا ئېسىل ياقا

بولغۇدەك ! » دېگەن خىيالغا كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابىد يىلاننى ئوتتىن قۇتقۇزغان توۋرىنى تۈلكىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، تۈلكىنى تۇتماقچى بوپتۇ. تۈلكە ئابىدنىڭ ئىشىغا ئەجەبلىنىپ:

— سەن نېمە قىلاي دەيسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئابىد ئويلىغانلىرىنى يوشۇرماي:

— سېنىڭ تېرەڭ جۇۋىغا بەك ياخشى ياقا بولغۇدەك، سېنى تۇتۇپ تېرەڭنى ئالاي دەيمەن، — دەپتۇ.

تۈلكە ئابىدنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئادەمزاتنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغىنى راستكەن، مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسام مېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەپسەن، خەير، ئامان بول! — دەپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

ئابىد ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ پۇشايمان قىپتۇ، لېكىن پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەپتۇ. ئابىد سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغۇسى كەلمەي ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ سەپەردە بولغان ئىشلارنى خوتۇن ـ باللىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېيىن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپ كېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ۋاپاغا جاپا بارمۇ، ئىزدىسەڭ تېپىلار» دېگەن تەمسىل ئابىدنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر يار يېزا جاي مەھەللىسىدىن
ساتتار راخمان

www.uyghurkitap.com

# هەر كاللىدا بىر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ خىيال

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قازىسى تولىمۇ مەككار، قۇۋ، نەپسانىيەتچى ئادەم ئىكەن. ئۇ بەگ - غوجىلارغا يانتاياق بولۇپ، ئۇلار ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەن پۇقرالارنى قارىلاپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ، بەگ - غوجىلاردىن ئىنئام ئېلىپ يىغقان ھارام مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز بولسىمۇ، يەنىلا دائىم مال - دۇنيانىڭ كويىدا يۈرىدىكەن.

ئاشۇ قازىنىڭ بويىغا يەتكەن، ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز، قولى گۈل بىر قىزى بار بولۇپ، قىزىنىڭ نامى شەھەردىن سەھرالارغىچە يېتىپ بارغانىكەن. قازىنىڭ قىزىغا غايىبانە ئاشىق بولغان بەگلەر، بەگزادىلەر ئەلچى كىرگۈزسە قازى تويلۇقنى ناھايىتى يۇقىرى قويۇپ تۇرۇۋالىدىكەن، كۆزىگە سىغمىغانلارغا يەنە ئورۇندىغىلى بولمايدىغان شەرتلەرنى قويىدىكەن. قازىنىڭ مەقسىتى قىزىنى دەسمايە قىلىپ نۇرغۇن بايلىق يىغىۋېلىش ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، قازى قىزىنىڭ تويى ئۈچۈن قويغان بولمىغۇر شەرتلىرى سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ ھەممە ياققا پۇر كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ

بىرىدە يىراق سەھرادىكى بىر قېتىملىق مەشرەپتە قازىنىڭ قىزىنىڭ پارىڭى بولۇپ قاپتۇ.

— ئاغىنىلەر، — دەپتۇ بەگزادىلەردىن بىرى، — شەھەر قازىسى قىزىنىڭ تويلۇقىنى ئېغىرلىتىپ ئەرگە بەر-مەي، قېرى قىز قىلىپ ساقلاپ يېتىپتۇ. بىرىڭلار ئوتتۇرىغا چىقىپ قازىغا كۈيئوغۇل بولۇپ، قازىنىڭ مال - دۇنياسى-نىڭ مېغىزىنى چاقمامسىلەر.

— راست، — دەپتۇ يەنە بىر بەگزادە، — قازىنىڭ بايلىقىنى شۇنچە نۇرغۇن دەپ ئاڭلىدىم، ئەگەر ئارىمىزدىن بىرەرىمىز قازىغا كۈيئوغۇل بولۇپ قالغان بولساق كۈندە مۇشۇنداق بەزمە قۇراتتۇق ئەمەسمۇ! شۇ بەخت بىزگە نېسىپ بولارمۇ؟ — دەپتۇ.

شۇ كۈندىكى سورۇندا بەگنىڭ قويىنى باقىدىغان تازمۇ بار ئىكەن. تاز بەگزادىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قازىنىڭ قىزى توغرىسىدىكى بۇ گەپلەرگە قىزىقىپ:

— قازىنىڭ قىزى ئۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان ئاسماندىكى ئايمىكەن؟ — دەپتۇ.

مەشرەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تازنى مەسخىرە قىلىشىپ-تۇ. تاز ئۇلارنىڭ مازاق قىلىشىغا پەرۋا قىلماي:

— بەگزادىلەر، سىلەر ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغان، بىرەر گەپ ئاڭلىساڭلار ھەيران قېلىپ ئاغ-زىڭلارنى ئاچقانچە تۇرۇپ قالىسىلەر، بىزگە ئوخشاش يې-تىمچىلەر جاھاننىڭ ھەممە ئاچچىق - چۈچۈكىنى كۆرگەچ-كە، سىلەر ھەيران قالىدىغان ئىشلارنى قىلالايمىز، — دەپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن مەشرەپ تالاش - تارتىش سورۇنىغا ئايلى-

نىپتۇ. ئاخىرى تاز بۇ ئىشنى چوقۇم بىر باشقا ئىلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەگزادىلەرنى قايىل قىپتۇ ۋە:

— ئاغىنىلەر، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن گەپ بار، بۇ ئىشتا سىلەر يار - يۆلەك بولمىساڭلار بولمايدۇ، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۇستۇبېشىم مۇشۇنداق جۇل - جۇل تۇرسا، مېنى مۇشۇ ھالدا قازىنىڭ ئالدىغا يولغا سېلىپ قويۇشقا كۆڭلۈڭلار ئۇنىماس، بىز ھەممىمىز بىرلىشىپ قازىنى رەسۋا قىلايلى، قايسىڭلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ شەھەرگە كىرىسىلەر؟ — دەپتۇ.

شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا بىر بەگزادە تازنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ، يېتەرلىك ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. «بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولاركىن؟» دەپ قىزىققان يەنە بىرقانچە بەگزادىمۇ ئۆز ياردەملىرىنى ئايىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەتىسى شەھەرگە كىرىشكە پۈتۈشۈپ سورۇندىن تارقىشىپتۇ.

ئەتىسى بەگزادىلەر تازنىڭ بېشىدىكى قوماچلىرىنى ئاداپ، ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىپ، ئۇستىگە يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ بەگزادىلەردەك ياساپتۇ. تاز يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كېلىشكەن بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھەمراھلىرىنىڭ ئۇنىڭغا مەستلىكى كەپتۇ.

ئۇلار شەھەرگە كىرىپ قازىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر سارايغا چۈشۈپتۇ، ئاندىن شۇ كۈنىلا قازىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ سالامغا بېرىپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلىپ، كېلىش مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن غەزىپى تاشـ
سىمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— قۇتلۇق ئىشقا قەدەم بېسىپسىلەر، باسقان ئىزىڭلارـ
دىن گۈل ئۈنسۇن، — دەپتۇ. لېكىن، كۆڭلىدە ئۇلارنى
قانداق بابلاش، ئۇلاردىن قانداق پايدا ئېلىشنى ئويلاپ:

— مەن قىزىمنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن سىلەردىن كۆپ
نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، قىزىمنىڭ توي كۈنىدىكى داستىخانـ
نى مول قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان يەتتىڭلارنىڭ
هەربىرىڭلار پەقەت بىر قوتاندىن مال هۆددىگە ئالساڭلارلا
بولدى، بۇنىڭغا كۆنەرسىلەر؟ — دەپتۇ.

يىگىتلەر قازىنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە قارىـ
شىپ كۈسۈلدىشىپتۇ. بۇ هالنى كۆرگەن قازى:

— قانداق، چىدىغۇدەكسىلەرمۇ؟ ئەگەر گېپىڭلاردىن
يېنىۋالساڭلار ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ شەهەردە سازايى
قىلىمەن، — دەپتۇ. بۇ چاغدا بەگزادىلەردىن بىرى ئورنىـ
دىن تۇرۇپ:

— «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەن گەپ بار، بىز
گېپىمىزدىن يېنىۋالماقچى ئەمەس. قايسىمىز قايسى مالنى
هۆددىگە ئېلىشنى مەسلىهەتلىشىۋالدۇق. مانا مەن بىر قوتان
قوينى هۆددىگە ئالىدىغان بولدۇم، قويلارنى بۈگۈنىڭ ئۆزىـ
دىلا ئەكېلەمدىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە
بىرى:

— مانا مەن بىر قوتان كالىنى هۆددىگە ئالىدىغان
بولدۇم، مەنمۇ كالىلارنى بۈگۈنىڭ ئۆزىدىلا ئەكېلەي، —
دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر بىر ـ بىرلەپ ئورنىدىن تـۇـ

www.uyghurkitap.com

رۇپ، بىرى ئۆچكە، بىر ئات، بىرى تۆگە ... ئەكىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. قازى ئۆزىنىڭ قويغان شەرتىدىن باش تارتمايدىغان بۇ سەھرالىقلارنى كۆرۈپ «بۇ تومپايلار راستتىنلا ئەخمەق ئىكەن، مەن قوتاننى چوڭ سىز-لىۋەتسەم، ئۇلار شۇنى توشقۇزۇپ بېرەلەرمۇ؟ بۇ كالۋالار ئۇنى ئويلىمىدى، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپ ... كېيىن بىر قوتان قوي بىر يىلدىن كېيىن ئىككى قوتان، بىر قوتان كالا ئىككى قوتان بولىدۇ... دېسەم نېمە دېيەلەيتتى ...» دەپ ئويلاپتۇ. قازى يىگىتلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— يىگىتلەر، كۆردۈڭلار، شەھەر دېگەندە ئۇنچىۋالا كۆپ مالنى سىغدۇرۇپ كەتكۈدەك جاي يوق، ئەڭ ياخشىسى، ماڭا ھۆددە قىلغان ماللارنى مېنىڭ ھەققىمدە شۇ ئۆز ئورنىدا بىقىپ تۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى كېيىن قىلىشارمىز، — دەپتۇ.

يىگىتلەر قازىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۆزلىرىدىن تىلخەت تەلەپ قىلمىغانلىقىغا خۇش بولۇپ:

— بولىدۇ، ھەممە ئىش سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن، بىز ماللارنى سىلىنىڭ ناملىرىدا بېقىپ تۇرايلى، قازى ئاكا، تويلۇقنى كېلىشىپ بولدۇق، ئەمدى توي كۈنىنى توختىتىۋېلىپ، توي تەييارلىقىنى قىلىشساق بولارمىكىن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قازى چۆچۈپ:

— تويلۇق ئېلىش ئادەتتىكى ئىش، بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مەن سىلەردىن تېخى تويلۇق ھېسابىدا ھېچ نەرسە ئالمىدىم، چۈنكى ئورۇندايدىغان شەرتلەر بار تېخى، — دەپتۇ.

يىگىتلەر قازىنىڭ رەسمىي گەپكە ئەمدى كۆچكەنلىكىنى بىلىپ بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ:

— نېمە؟ گەپ باشلانمايلا دېمىڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ ئەگەر گېپىڭلاردىن يېنىۋالساڭلار ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ شەھەر كوچىسىدا ئايلاندۇرىمەن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا تاز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قېنى، قازى ئاكا، شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا، ئورۇنداشقا تىرىشىپ كۆرەيلى، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە سىدىلىمۇ ۋەدىلىرىدە تۇرسىلا ياخشى گەپ،— دەپتۇ.

قازى ئىلگىرى كەلگەن بەگزادىلەرگە قويغان شەرتلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— سىلەر بىلىسىلەر، بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقتا بىر يېڭى شەھەر بار، شۇ شەھەرنىڭ قازىلىقىنى ماڭا ئېلىپ بېرىسىلەر! ئەگەر شەرتنى ئورۇندىيالمىساڭلار ئۆيۈمگە قايتا ئاياغ باسماڭلار، لېكىن تويلۇق ئۈچۈن بېرىلگەن ماللار يەنىلا مېنىڭ، ماللار سىلەرنىڭ شەرتنى ئادا قىلالمىغىنىڭلارنىڭ بەدىلى،— دەپتۇ. تاز ھېچبىر ھودۇقماي:

— قازى ئاكا، سىلى دېگەن شەھەر بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقتا ئىكەن، بېرىپ - كېلىشكە بىر ھەپتە كېتەر، كۆدەك، شۇڭا بىزگە بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بەرسىلە، كېيىنكى ھەپتىنىڭ مۇشۇ كۈنى كۆرۈشەيلى،— دەپتۇ - دە، ھەمراھلىرىنى باشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

يىگىتلەر قازىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ تازغا تاپا - تەنە قىلىپ:

— ئاغرىمىغان باشقا مىڭ تاياق بولدى، تاز، ئۆزىمىز تاپقان بالاغا نەگە بارمىز دەۋاغا...— دېيىشىپتۇ. لېكىن،

www.uyghurkitap.com

تاز كۇلۇپ تۇرۇپ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلىپ :

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، قازنىڭ ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇيمىز، — دەپتۇ.

يىگىتلەر شەھەردىكى ئەڭ ئۇستا خەتتاتنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇلار خەتتاتقا بەش تەڭگە خەجلەپ، ئۆزلىرى كېلىشىۋالغان بويىچە: «ھۆرمەتلىك قازى، سىلى مېنىڭ قازىلىقىمنى سوراپ ئادەم ئەۋەتىپلا، كىشلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقماق ياخشى پەزىلەت، شۇڭا تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا بەرھەق قوشۇلىمەن. لېكىن، مەن بىر شەرت قويدۇم، شۇ شەرتنى قاچان ئورۇنداپ بولسىلا، مەن قازىلىقنى شۇ كۈنى سىلىگە ئۆتكۈزىمەن. مېنىڭ شەرتىمنى سىلى ئەۋەتكەن ئادەم ماڭا ۋاكالىتەن ئالدىلىرىدا قويدۇ، سىلىمۇ ئۇلار قويغان ھەرقانداق شەرتكە كۆنۈشلىرى كېرەك» دەپ نامە پۈتكۈزۈپتۇ، ئاندىن ئۇلار يەنە ئۇستا بىر ئويمىچىنى تېپىپ، يېڭى شەھەر قازىسىنىڭ مۆھۈرىنى ئويدۇرۇپ، خەتكە مۆھۈرنى بېسىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىتلەر شەھەرنى بىرقانچە كۈن تاماشا قىلىپ مۆھلەت توشقان كۈنى خەتنى كۆتۈرۈپ قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

قازى سەھرالىق ئەلچىلەرنى كۆرۈپ ئۆزى تاپشۇرغان ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىتلەر تەييارلىۋالغان خەتنى قازىغا بېرىپ :

— ئۇ شەھەردىكى قازى ئاۋۋال سىلىنىڭ بۇ خەتنى كۆرۈشلىرىنى ئېيتتى، — دەپتۇ. قازى مۆھۈر بېسىلغان خەتنى كۆرۈپ چىقىپ :

— ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئۇ ئەخمەق قازى قانداق شەرت

قويدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ قازى ئاۋۋال ۋەدە ئېلىشقىلار، ئاندىن شەرتنى قويۇشقىلار دېگەن، — دەپتۇ تاز.

— نېمە دەپ ۋەدە بېرىدىكەنمەن؟

— ئەگەر يېڭى شەھەر قازىسى قويغان شەرتنى ئورۇنداليالمىسىلا سىلى قويغان شەرتلىرىدىن ۋاز كېچىپلا ھەم شەرتنى ئورۇندىيالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن بىزگىمۇ بىر قوتان قوي بىلەن بىر قوتان كالا تۆلەيلا.

قازى تازنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «مەن ئورۇندىيالمايدىغان قانداق شەرت بولسۇن؟» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ.

— قازى ئاكا، سىلى يۇرتنىڭ چوڭى، ئىلىم ـ بېرىمنىڭ تىلخەت بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلىلا، ئۆز لەۋزىلىرىدە ئىككى ئېلىك تىلخەت قىلىپ بەرسىلە، كېيىن بىزنىڭ گىدىيىمىز ئاقماي قالمىسۇن، — دەپتۇ تاز يەنە.

قازى تىلخەت قىلىپ بېرىشكە ماقۇل كىلىپ: «مەن قويغان شەرتنى ئورۇندىيالمىسام، تاز ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا بىر قوتان قوي، بىر قوتان كالا تۆلەم تۆلەپ بېرىمەن» دەپ تىلخەت يېزىپ، مۆھۈرىنى بېسىپتۇ. تاز قازىنىڭ تىلخېتىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن يېنىدىن بىر دانە غاز تۇخۇمىنى چىقىرىپ، تۇخۇمدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپتۇ، ئاندىن تۇخۇمنىڭ ئېقىنى بىر قاچىغا ئېقىتىپتۇ. تۇخۇمنىڭ ئېقى تامامەن ئېقىپ بولغاندىن كېيىن، تۆشۈكنى سەل چوڭايتىپ تۇخۇمنىڭ سېرىقىنىمۇ شۇ قاچىغا تۆكۈپتۇ. تاز ئۇ قاچا بىلەن تۇخۇم شاكىلىنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— قازى ئاكا، يېڭى شەھەر قازىسى سىلىنى تۇخۇمنىڭ

سېرىقى بىلەن ئېقىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەمدۇ، مۇشۇ تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، تۇخۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ماڭا ئەۋەتىپ بەرسۇن دېگەن، — دەپ شەرتنى ئۇتتۇرىغا قويۇپتۇ.

قازى بۇ شەرتنى ئاڭلاپ قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا ئەقلى يەتمەي، چىنىدىكى تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقىنى تۇخۇم شاكىلى ئىچىگە قۇيماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قولى تىترەپ قاچا يەرگە چۈشۈپ كېلەم رەسۋا بوپتۇ. قازى بۇ ئەلەمگە چىدىماي:

— ھەي تاز، مۇشۇمۇ شەرت بولدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. تاز كۈلمەي تۇرۇپ:

— بۇ شەرتلەر بەكلا ئاددىي، ئەگەر ئورۇندىيالمىغان بولسىلا، ئورۇندىيالمىدىم دېسىلە، مەن شەرتنى ئورۇنداشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ. قازى شەرتنى ئورۇندىيالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىپتۇ.

—قازى ئاكا، بۇ يېڭى شەھەر قازىسىنىڭ ئەگەر مەن ساڭا شەھەر قازىلىقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرسەم بۇ خۇددى تۇخۇم چېقىلىپ ئېقى بىلەن سېرىقى تۆكۈلۈپ كەتسە، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش دېگىنى ئىدى، قالغىنىنى سىلىنى ئۆز ئەقىللىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا قويغان. سىلى بىر تۇخۇمنىڭ ئىشىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغان يەردە ئىككى شەھەرنىڭ قازىسى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيلا، — دەپتۇ تاز.

قازى گەپ قىلالماپتۇ. تاز توي كۈننى توختىتىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قازى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— ھەي، بەتبەختلەر، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، مېنىڭ

شەرتىم تۈگىمىدى. سىلەر ئەمدى ماڭا شەھەرنىڭ شاھلىقىنى ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن بىر گەپ بولار، — دەپتۇ.

يىگىتلەر قازىغا شەھەر پادىشاھلىقىنى ئېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، بىر كۈنلىك مۆھلەت بىلەن چىقىپ كېتىپتۇ. قازى شەھەر پادىشاھلىقى تەمەسىدىن باشقىنى ئويلىيالماپتۇ.

تاز ھەمراھلىرى بىلەن يەنە ھېلىقى خەتتاتقا ئۇن تەڭگە خەجلەپ، شەھەر پادىشاھىنىڭ نامىدا: «شەھەر قازىسى سۇلتان باي ھاجى، مەن سېنىڭ قويغان شەرتىڭگە قوشۇلدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ مەن قويغان شەرتكە كۆنۈشۈڭ كېرەك، مېنىڭ شەرتىم سەن ئەۋەتكەن ئادەم بىلەن بىللە باردۇ، ئەگەر شەرتكە كۆنمىسەڭ قازىلىقىڭنى ئېلىپ تاشلايمەن!» دېگەن مەزمۇندا يارلىق يازدۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇلار بېرىپ ئويمىچىنى تېپىپ، پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى ئويدۇرۇپ يارلىققا بېسىپتۇ. يىگىتلەر ئەتىسى قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قازى ئۇلاردىن:

— قانداق؟ شەرتنى ئورۇنداپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

تاز ئارتۇق گەپ قىلماي يېنىدىن يارلىقنى چىقىرىپ قازىغا سۇنۇپتۇ. قازى يارلىقنى ئوقۇپ چىقىپ:

— قېنى، نېمە شەرت ئىكەن؟ ئورۇنداشقا مەن تەييار، — دەپتۇ.

قازىنىڭ شەرتنى ئورۇنداشقا ئاسانلا ماقۇل كەلگەنلىكىنى كۆرگەن تاز:

— پادىشاھ ئاۋۋال ۋەدە ئېلىڭلار، ئاندىن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار دېگەن، — دەپتۇ.

— نېمه دەپ ۋەدە بېرىدىكەنمەن؟ — دەپتۇ قازى، ۋەدە بېرىشكە ماقۇل بولۇپ.

— ئەگەر پادىشاھ قويغان شەرتنى ئورۇندىيالمىسىلا، سىلى قويغان شەرتتىن ۋاز كېچىدىلا ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە پۇشايمان ھەققى بېرىدىلا، ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسىلە، بېرىپ پادىشاھقا: «قازى شەرتنى ئورۇنداشتىن باش تارتتى» دەپ قويساقلا ئىش پۈتىدۇ. سىلى ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىلا، — دەپتۇ تاز.

قازى ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماي بۇ شەرتنى قويۇپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ تىترىككەن ھالدا:

— بولدى، ۋەدە بېرەي، — دەپتۇ ھەم: «مەنكى شەھەر قازىسى، ئەگەر قويغان شەرتنى ئورۇندىيالمىسام تازغا بىر قوتان ئۆچكە، بىر قوتان تۆگە تۆلەيمەن» دەپ تىلخەت يېزىپ مۆھۈرنى بېسىپ بېرىپتۇ. تاز قازىنىڭ تىلخىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئالدىن تەييارلاپ قويغان توقسان غۇلاچ ئەتلەسنى چىقىرىپ:

— پادىشاھ سىلىنى مۇشۇ توقسان غۇلاچ ئەتلەسنى سەللە قىلىپ ئوراپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلسە پادىشاھلىقىمنى ئۆتۈنۈپ بېرىمەن، دېدى، — دەپتۇ.

قازىغا بۇ شەرت ئاددىي تۇيۇلۇپ:

— قېنى، ئەكىلىڭلار، — دەپ ئالدىراپ ئەتلەسنى بېشىغا ئوراشقا باشلاپتۇ. قازى توقسان غۇلاچ ئەتلەسنى مىڭ تەسلىكتە ئوراپ بولۇپ:

— قېنى، مېڭىڭلار، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارايلى، — دەپ ھەممىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

قازى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن چىقمايلا بېشىغا ئورىغان

www.uyghurkitap.com

سەللە يېشىلىپ كـۆزىنى ئېتىۋېلىپتۇ. قازى بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. قازىنىڭ بېشىدىكى سەللە يەرگە دومىلاپ چۈشۈپ چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. قازى ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە سەللىنى ئوراشقا باشلاپتۇ. قازى سەللىنى ناھا-يىتى تەستە ئوراپ هويلىسىدىن چىققۇچە يەتتە ـ سەككىز قېتىم دۇم چۈشۈپ، باش ـ كۆزىنىڭ بىرقانچە يېرىنى جاراھەت قىلىۋاپتۇ. قازى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سەللىنى داۋاملىق ئوراپ كوچىغا چىقىپتۇ. قازى كوچىنىڭ ئاۋات، ئادەم كۆپ يېرىگە بارغاندا بېشىدىكى سەللە چۈشۈپ كېتىپ يەنە يىقىلىپتۇ. كىشىلەر قازىنىڭ سەللىسىنى سۆرەپ يەردە دومىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «قازىغا جىن چاپلىشىپتۇ!» دەپ كۈلۈشۈپتۇ. قازى بۇ ئەلەمگە چىدىماي:

— هەي تاز، بۇ زادى نېمە قىلىق؟ — دەپ ۋارقىراپ-تۇ.

تازمۇ كىشىلەرگە قوشۇلۇپ كۈلگىنىچە:

— قانداق، قازى ئاكا؟ پادىشاهنىڭ ئالدىغا بارمايمىز-مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولدى بەس، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ قازى.

تاز كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ:

— پادىشاهنىڭ توقسان غولاچ ئەتلەسنى سەللە قىلىپ ئوراپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن دېگىنى — ئەلنىڭ غېمى شۇ سەللىنى كۆتۈرگەندەك ئېغىر ئىش دېگىنى. سىلى بىر سەللىنى ئـوڭشاپ ئـوراپ كۆتۈرەلمىگەن ئادەم پادىشاهلىق-نى بـاشلىرىغا ئـېلىۋالسـىلا ئـەلنىڭ غېمىنى قانداق كۆ-تۈرەلەيلا؟ — دەپتۇ.

قازى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزى سەزمىگەن هالدا

«بەرھەق» دەپ ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر قازىنىڭ ئىككىنچى شەرتىنىمۇ ئورۇنداپ بوپتۇ. ئۇلار قازى بىلەن بىرگە قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يەنە تويىنىڭ گېپىنى قىپتۇ. بۇ چاغدا قازى: «ئەمدى بۇلارغا ئادەم ئەمەس، گەپ ئۇقمايدىغان ئاڭسىز ھايۋانلار بىلەن ئادا قىلىدىغان شەرتنى قويۇپ رەسۋا قىلسام بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ:

— «مەرتەم – مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن، مەن سىلەرگە ئاخىرقى شەرتنى قوياي، ئەگەر شۇ شەرتنى ئورۇندىيالىساڭلار گەپ سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار دەك بولسۇن، ئورۇندىيالمىساڭلار مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، — دەپتۇ.

تاز ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قازىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. قازى:

— ئاخىرقى شەرتىم، مېنىڭ ئاتامدىن قالغان بىر قېرى ھاڭگا ئېشىكىم بار، بايا ھاڭرىغان ئاشۇ ئېشەك. سىلەر ئېشەككە زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەي، ئېشەكنى بىر جۈمە ھاڭرىمايدىغان قىلىپ بېرىسىلەر، ئەگەر ئېشەككە زەخمەت يېتىپ قالسا ھەممە ئىشنى بىكار قىلىپ كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ.

بۇ شەرتنى ئاڭلاپ تاز ماقۇل بولۇپ، دوستلىرى بىلەن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— قازى ئاكا، ئېشەكنى ھاڭرىمايدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بىرىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا سىلى بىزنىڭ ئېغىلغا بىمالال كىرىپ – چىقىشىمىزغا رۇخسەت قىلسىلا. بىز ئېشەكنى ھاڭراتماسلىق ئۈچۈن بىر ھەپتە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايمىز. بىزنىڭ بىكار يۈرگىمىز كەل-

مىدى، ئاز ـ تولا ئوقەت قىلايلى، دەپ سىلىدىن ياغ ئېلىپ سېتىشنى مەسلىھەتلەشتۇق، ئەگەر سۇ يېغى بار بولسا ئىك-كى قاپاق بېرىپ تۇرسىلا، — دەپتۇ.

قازى ماقۇل بوپتۇ. تاز قازىدىن ئىككى قاپاق سۇ يېغى ئاپتۇ ـ دە، سەل قىزدۇرۇپ ئېغىلغا ئەكىرىپتۇ، ئاندىن ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى قايرىپ، قۇيرۇقىنىڭ ئاستىنى قو-يۇق مايلاپتۇ. ئۇ ھەربىر ئاش پىشىم ۋاقتىدا بىر نۆۋەت ئاشۇنداق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى ئېشەك ھاڭرايمەن دەپ كۆچىگەندە، كەينى يۇمشاپ يەل تۇتالماس بولۇپ قال-غاچقا، يەل كەينىدىن چىقىپ كېتىپ ھاڭرالماپتۇ. تاز بۇ ئىشنى بىر ھەپتە داۋام قىپتۇ. قېرى ئېشەك يەنە بىر جۈمەگىچە ھاڭرىماقچى بولۇپ خېلى كۆچەپ باققان بولسىمۇ، بىرەر قېتىممۇ ھاڭرالماپتۇ. ئېشەك ھاڭرىمىغاچقا بۇ ئىش قازىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقماپتۇ. دېگەن ۋاقىت توشقاندا تاز دوستلىرى بىلەن قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. قازى ئۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ:

— نېمە ئىش بىلەن كىردىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلى دېگەن شەرتنى ئورۇنداپ بولۇپ، توي كۈنىنى توختىتىش ئۈچۈن كىردۇق، — دەپتۇ تاز.

قازى ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي ئېغىلغا كىرىپتۇ. قازىنى كۆرسىلا سەت ھاڭرايدىغان ئېشەك ھاڭرىماي قۇيرۇ-قىنى شىپپاڭلاتقىنىچە تۇرۇپتۇ. قازى بۇ ئىشقا ئىشەنگۈسى كەلمەي ياقىسىنى تۇتقىنىچە:

— سىلەر ئادەممۇ ياكى جىن ـ شاياتۇنمۇ؟ سۇبھانالللا، سۇبھانالللا ... — دېگىنىچە ئېغىلدىن چىقىپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قازى خېلىدىن كېيىن ئېسىگە

www.uyghurkitap.com

كېلىپ:

— سىلەر ئادەمىمۇ ياكى جىن ـ شاياتۇنمۇ؟ ئېشەكنى زادى قانداق قىلىپ ھاڭرالماس قىلىۋەتتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

تاز قازىنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاۋۋال «شەرتنى ئورۇنداپ بولدى» دەپ تىلخەت بەرسىلە، ئاندىن ئېيتىپ بېرىمىز، — دەپتۇ.

قازى ئۇلارنىڭ دېگىنىنى ئورۇنداپتۇ. تاز ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قازىنى قايىل قىلىپتۇ. قازى بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپلا قاپتۇ، ئېسىنى يىغقاندىن كېيىن ئۇھ تارتىپ:

— بولىدۇ، سىلەر ئادەم ھەم ھايۋان ئارقىلىق بولىدىغان شەرتلەرنى ئورۇنداپ بولدۇڭلار، «مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم، تۆتىنچىسى بەتتەم» دەپتىكەن، مەن بەتتەم بولسامىمۇ مەيلى، مەن ئۆزۈم ئارىلاشقان شەرتتىن بىرنى ئورۇنداڭلار، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دەپتۇ.

تاز ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ:

— چىدىغانغا چىقارغان، قازى ئاكا، سىلى چىدىمىسىلا بىز چىدايمىز. قېنى، يەنە نېمە شەرتلىرى بار؟ — دەپ سوراپتۇ. قازى سەل ئويلىنىپ:

— بۇ نۆۋەت باشقا شەرتمۇ قويماي، سىلەر ئەقىلسىز ئېشەكنىڭ زۇۋانىنى يوقىتىپسىلەر، شۇنداق كارامەتىڭلار بولسا، كېلەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن جامائەتكە ۋەز ئېيتىمەن. شۇ چاغدا ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي مېنى گەپتىن توختىتالىساڭلار، ئاندىن

كېيىن دېگىنىڭلاردەك بولسۇن، بولمىسا، يەنىلا مېنىڭ
دېگىنىم دېگەن، — دەپتۇ.
يىگىتلەر ماقۇل بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. جۇمە كۈنى
يېتىپ كەپتۇ. تاز ئالتە دوستىنى باشلاپ مەسچىتكە جۇمەگە
بېرىپتۇ. ناماز ئاخىرلىشىپ دۇئادىن كېيىن، قازى مېھرابقا
چىقىپ ۋەز ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا تاز ئۇنىڭ دوستلى-
رى بىلەن جامائەتنىڭ ئالدىغىراق ئۆتۈپ قازىنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. قازى ئۇلارنى كۆرۈپ: «بۇلار ئەمدى نېمە
كارامەت كۆرسىتەر؟ ...» دەپ تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ. قازى-
نىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يى-
گىتلەر بىر - بىرىنى نوقۇپ كۈلۈشۈپتۇ. قازى تېخىمۇ
تەمتىرەپتۇ، قازىنىڭ كۆزى ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرى-
شىپ قېلىپ، «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك،
تېخىمۇ سۈر بېسىپ كېتىپتۇ. قازى كۆزىنى ئۇلاردىن قا-
چۇرماقچى بولغىنىكەن، تاز قازىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سول
قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن بىگىز بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ
هالقا هاسىل قىلىپ، ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن
هالقىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ دەر-
هال كۆز ئالدىغا ئېشەكنىڭ هاڭرىيالماس بولۇپ قالغىنى
كەپتۇ - دە، «مېنىڭمۇ ئارقامغا ياغ سۈرۈۋەتسە قانداق
قىلارمەن؟» دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ تەمتىرەپ، ئۆزىنىڭ
قويغان شەرتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ، قىلىۋاتقان سۆزىنىڭ ئاخى-
رىنى چىقارماي ئالمان - تالمان مېھرابتىن چۈشۈپ كېتىپ-
تۇ. جامائەت نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەپتۇ. جامائەت
ئىچىدىن بىرى:
— قازى ئاخۇنۇم، بىتاب بولۇپ قالدىلىمۇ؟ ياغدەك ۋەز

قىلىۋېتىپ توختاپ قالدىلىغۇ؟ — دەپتۇ قازى گەپ - سۆز قىلماي ھودۇققان ھالدا قازىنى ئاشكارا رەت قىلىپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قازى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە:

— ئۇ ... ئۇ ئارقامغا ياغ سۈرىمەن دەيدۇ، — دەپتۇ. قازىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. قازى تېخىمۇ ھودۇقۇپ:

— ئۇ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستىغا ياغ سۈرۈپ ھاڭرىماس قىلىۋەتكەن، — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. كۈلكە توختىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم يەنە:

— قازى ئاخۇنۇم، بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن قازى شۇ ئورۇنىڭ ئۆزىدە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جامائەتكە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. جامائەت قازىنىڭ مات بولغانلىقىغا خۇش بولۇپ، تازىغا مەدەت بېرىپتۇ. قازى ئەلەمگە چىدىماي مەسچىتتىن چىقىپ كېتىپتۇ. تاز دوستلىرى بىلەن قازىنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ، جامائەتمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. قازى ئۇلارنى كۆرۈپ غەزىپى تېشىپ:

— يوقىلىش، جىن ئۇرغان ساراڭلار! ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشما، بوسۇغامدىن ئاتلاشما، — دەپتۇ.

— خوش، قازى ئاكا، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى جامائەت بىلىپ بولدى. ئەمدى لەۋزىلىرىدە تۇرمىسىلا سىلىگە سەت،

قىزلىرىغا ئۇيات، ئەل سىلىدىن بىزار بولىدۇ، «ئەل بىزار-
دىن خۇدا بىزار» دېگەن سۆز بار، خۇدا بىزار بولسا قارغىش
ئۇرىدۇ، — دەپتۇ تاز.

قازى ھەممە قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى جامائەت ئالدىدا
ئاشكارىلاپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ:

— سەن تاز مېنىڭ ئەسلى - ۋەسلىمنى قۇرۇتىدىغان
بولدۇڭ، توي ئالدىمىزدىكى جۈمە كۈنى، شۇ ۋاقىتقىچە
ھەممە تويلۇقنى تەل قىلالمىساڭ ساڭا بېرىدىغان تەخەيمۇ
يوق! — دەپ ۋارقىراپتۇ. تاز بەخىرامان ھالدا:

— خوش، قازى ئاكا، گەپ سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك
بولسۇن، سىلىدىكى ماللارمۇ بىزگە يانسۇن، — دەپتۇ.
قازى:

— نېمە مال؟ مەن سىلەرگە قاچان قەرزدار
بولغان؟ — دەپ چالۋاقاپتۇ.

تاز يېنىدىن تىلخەتلەرنى چىقىرىپ:

— بۇ تىلخەتلەرنى سىلى بەرگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.
قازى گەپ تاپالماي:

— مەن سىلەرنىڭ ئۇستوڭلاردىن قازىغا ئەرز قىلى-
مەن، — دەپتۇ. تاز كۈلۈپ كېتىپ:

— قازى ئاكا، سىلىدىن باشقا ھەقنى ھەق، ناھەقنى
ناھەق قىلىدىغان قازى بار بولسا بارسىقمۇ بارايلى، —
دەپتۇ.

ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىپ ئاخىرى پادىشاھنىڭ
ئالدىغا بارماقچى بوپتۇ. ئۇلار توپلىشىپ پادىشاھنىڭ ھوزۇ-
رىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ
بارغان ھامان قازى ئالدىغا چىقىپ:

— پادىشاھىئالەم، بۇلار مېنى بوزەك قىلىپ، تۆت

قوتان مالغا ئۇستەگدەپ قىزىمنى بېرىشكە قىستاۋاتىدۇ، — دەپ ئەرز قىلىپتۇ.

پادىشاھ قازىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ:

— قېنى، يىگىتلەر، قازىنىڭ ئەرزىگە نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

تاز قازى بىلەن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ:

— بىز قازىنى بوزەك قىلمىدۇق، ئۆزى بەرگەن تىلخەتتىكى ماللارنىلا تەلەپ قىلىۋاتىمىز، — دەپ تىلخەتلەرنى پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ.

پادىشاھ تىلخەتلەرنى كۆرۈپ:

— يىگىت، بۇ تىلخەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە سېنىڭ شاھىتىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز دوستلىرىنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ ئالتە يىگىت شاھىت، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئاندىن قازىغا قاراپ:

— قازى، بۇلارنىڭ سېنى بوزەك قىلغانلىقىغا شاھىت بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قازى ئۆزىگە شاھىت بولىدىغان ئادەم تاپالماپتۇ. پادىشاھ ئەھۋالنى تولۇق چۈشىنىپ:

— قازى، شەرىئەت ھۆكمىدە كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالماس دېيىلگەنىكەن، بەرمەك ھەق، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. قازى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ:

— مېنىڭ ئۈنچىلىك كۆپ مېلىم يوق، قانداق قىلىمەن؟ — دەپ تورۇۋاپتۇ. پادىشاھ:

— بىر قوتان قوي قانچە تۇياق؟ — دەپ ئۆز ئادەملىرىگە قاراپتۇ. ئۇلار:

— مىنىڭ تۆياق، — دەپتۇ. پادىشاھ :

— سىلەرگە ھەربىر تۆياق مال ئۈچۈن قانچىلىك ئالتۇن تۆلىسە رازى بولىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز :

— ھەممە ئىشتا ئىنساپ بولۇش كېرەك، بىز مالنى چوڭ - كىچىك دەپ ھېسابلىماي ھەربىر تۆياق مال ئۈچۈن بىر سەر ئالتۇن بەرسە رازى بولىمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ شۇنداق ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ ھۆكۈمگە چىدىمىغان قازى:

— مەن تازنىڭ پوقىنى يېدىم، مەن تازنىڭ پوقىنى يېدىم ... — دەپ ساراڭلاردەك توۋلىغىنىچە يۇرتنى تاشلاپ چۆل - جەزىرىگە كېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ قازىنىڭ مال - مۈلكىنى تاز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار مال - مۈلۈكنى تەڭ بۆلۈشۈپ، تازنى قازىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

توي تۈگىگەندىن كېيىن تازنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولغان پادىشاھ ئۇنى شەھەرگە قازى قىلىپتۇ. ئۇ قازى بولغاندىن كېيىن ھەق - ناھەقنى توغرا ئايرىپ، ئاۋامنىڭ داد - ھالىغا يېتىپ ئۆتۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تازنىڭ قىلغان قىلغان ئەتكەنلىرى ئەل ئىچىدە داستان بولۇپ تارقىلىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ھەر كالىدا بىر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ خىيال» دېگەن ماقال ئاشۇ تازنىڭ كەچمىشىدىن قىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان ۋىلايەتلىك تېخنىك مەكتىپىدىن
**ئادىلجان ئەبەيدۇللا**

[General Information]
书名=维吾尔民间智力故事选（7）　维吾尔文
SS号=40219894